
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# ئالتۇن كوكۇللۇق بالا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى






ISBN 978-7-228-10803-9
9 787228 108039 >
定价：4.50元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئالتۇن كوكۇللىق بالا


«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

**图书在版编目(CIP)数据**

金发郎：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. －乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
（维吾尔民间故事）
ISBN978－7－228－10803－9

Ⅰ.金… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族－民间故事－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006104号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**金发郎**（维吾尔文）
**（维吾尔民间故事）**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版 2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978－7－228－10803－9　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
# ئالتۇن كوكۇللىق بالا

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10803-9
باھاسى: 4.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا...................................1

زۇلخۇمار ......................................19

كومۇلەك پالۋان ................................. 39

ئىرادىلىك ئاتا ـ بالا .................................53




# ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا

بۇرۇنقى زاماندا بىر كەمبەغەلنىڭ شانىياز دېگەن يالغۇز ئوغلى بولغانىكەن. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن ھەركىملەرنىڭ مېلىنى بېقىپ، سۈيىنى توشۇپ، ھويلىلىرىنى سۈپۈرۈپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شانىياز تونۇر بېشىدا يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە چوڭ بىر دەريادا نۇرغۇن قىزلار چۆمۈلۈپ، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناپ يۈرگۈدەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇربۇۋى دېگەن چىرايلىق بىر قىز بۇ بالىغا قاراپ كۈلگۈدەك - دە، سۇ چېچىپ قاچقۇدەك. شانىياز ئۇنى قوغلايمەن دەپ تەمشەلسىمۇ، ئورنىدىن قوزغىلالمىغۇدەك. ئاخىر چېچىلغان سۇدىن ئەندىكىپ ئويغانسا، قاپقاراڭغۇ كېچە، يېنىدا ھېچكىم يوق، شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقانىكەن. شانىياز: «ئاھ، چۈشۈم ئىكەن !» دەپتۇ - دە، شۇنىڭدىن باشلاپ چۈشىدە كۆرگەن نۇربۇۋىگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، لېكىن ئۇ قىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قانداق تېپىشنى بىلمەپتۇ. ئۇنىڭ

كۆڭلىدە غايىبانە ئىشق - مۇھەببەت ئوتى يېنىپتۇ، كې-
چە - كۈندۈز ئەس - ھوشى ئەنە شۇ قىزدا بولۇپ قاپتۇ.
ئۇنىڭ ئىشقى ئوتىدا شانىياز ئۆز شەھىرىنى تاشلاپ، تەر-
كىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، شانىياز نۇرغۇن تاغ - دەريالار ۋە چەكسىز چۆللەرنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ، ئاخىر بىر چوڭ شەھەرگە يې-تىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ شەھەردە نېمە قىلىشنى بىلمەي شە-ھەرنىڭ چېتىدىكى بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا، بىر موماي ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ سۇغا چىقىپ قاپتۇ. موماي شانىيازنىڭ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىسەن، بالام؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئارتۇقچە غەم - قايغۇ مېنى خىيالغا غەرق قىلماقتا، موما، — دەپتۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ شانى-ياز.

— بېشىڭغا قانداق غەم - قايغۇ چۈشتى، بالام، ياكى ئاتا - ئاناڭ قوغلىۋەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— ياق، موما، ئاتا - ئانام يوق، يېتىم بالىمەن. بۇ يەرگە تېنەپ كېلىپ قالدىم. تونۇش - بىلىشىم يوق، بې-شىم گاڭگىراپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئولتۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شانىياز.

— خىيال قىلىپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما، بالام. مەن ساڭا ئانا بولاي، سەن ماڭا بالا بول. ئىغىرىڭنى يەر كۆتۈرەر، رىزقىڭنى خۇدا بېرەر، بالام، يۈر مەن بىلەن، — دەپ، موماي شانىيازنى ئەگەشتۈرۈپ ئەكېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلار ئانا - بالا بولۇپ ناھايىتى ئىناق كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. شانىياز مومايىنىڭ كالىلىرىنى بېقىپ، سۈيىنى توشۇپ يۈرۈپ خېلى كۆپ ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شانىياز مومايىنىڭ كالىلىرىنى بېقىپ، دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ، قارىسا نۇرغۇن قىزلار دەريادا چۆمۈلۈپ، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئوينىشىپ يۈرگۈدەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىز شانىيازنىڭ كۆزىگە ناھايىتى ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ قىزنى قەيەردىدۇر بىر يەردە، قاچاندىدۇر بىر ۋاقىتتا كۆرگەندەكلا قىلغۇدەك، لېكىن زادىلا يادىغا ئالالماپتۇ. ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپتۇ.

شۇ ئارىدا قىزلارنىڭ بىرى ھېلىقى قىزغا قاراپ: «نۇربۇۋى !» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا شانىيازنىڭ يۈرىكى «شۇۋ» قىلىپ كېتىپتۇ. قارىسا چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى قىزنىڭ ئۆزى. «تاپتىم» دەپتۇ ئىچىدە شانىياز. شۇ زامات ئۇ بىر تال شاخنى شارتتىدە كېسىۋېلىپ نەي ياساپتۇ - دە، بىر توپ تالنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چېلىشقا باشلاپتۇ. شانىياز نەينى شۇنداق مۇڭلۇق بىر مۇقامغا

چېلىپتۇكى، ئۇنى ئاڭلىغان قىزلار تۇرغان جايلىرىدا قىد-
مىرلىماي ھەيران بولۇپ قارىشىپ قاپتۇ. كېيىن ئۇلار
دەررۇ سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىشىپتۇ - دە، نەي
ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قاراپ كېلىشىپتۇ ۋە تونۇش بول-
مىغان بۇ نەيچىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ نەينىڭ مۇڭلۇق
ئاۋازىغا غەرق بولۇشۇپتۇ. شانىياز بىردەم نەي چالغاندىن
كېيىن كالىلىرىغا قارىماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغانىكەن،
بېشى تالنىڭ شېخىغا تېگىپ دوپپىسى چۈشۈپ كېتىپتۇ.
شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالتۇن كوكۇلىسىنى ۋە نۇر يېغىپ تۇرغان
جامالىنى كۆرگەن نۇربۇۋى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

ئەتىسى شانىياز موماينىڭ بېغىدىن بىر دەستە گۈل
ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارىسىغا بىر پارچە خەت سېلىپ، يەنە كا-
لىلىرىنى ھەيدەپ چىقىپتۇ. كۈن چۈشتىن ئېگىلگەندە،
ھېلىقى قىزلارمۇ چىقىپ ئويناپ - كۈلۈپ دەريادا سۇغا
چۆمۈلۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا شانىياز قىزلار چۆمۈلۈۋات-
قان جاينىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ، قولىدىكى گۈلدەستىنى
سۇغا تاشلاپتۇ. نۇربۇۋى ئېقىپ كېلىۋاتقان گۈلنى تۇتۇۋاپ-
تۇ، قارىسا ئارىسىدا بىر پارچە قەغەز تۇرغۇدەك، ئۇنى ئې-
چىپ قارىسا خەت، ئوقۇپ كۆرسە ئىشق - مۇھەببەت
سۆزلىرى ئىكەن، مېنىڭ كۆڭلۈمدە يانغان مۇھەببەت ئوتى
ئۇ يىگىتنىڭمۇ كۆڭلىدە يېنىۋېتىپتۇ، ئىككىمىزنىڭ تى-
لىكى بىر ئىكەن. دېمەك، مۇرادقا يېتىش ئەمدى ئاسان،
دەپ ئويلاپتۇ، لېكىن بۇنى ھېچكىمگە بىلىندۇرمەپتۇ. ئۇ

كۈن شۇنداق ئۆتۈپتۇ.

يەنە بىر كۈنى دەريادا شۇنداق چۆمۈلۈپ ئويناپ يۈر-
گەندە، نۇربۇۋى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى شىرىنخانغا
سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە:

— مەن هازىر شۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بارىمەن، سىز
قىزلارنى مەلىكە قىلىپ، مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىلىندۈرمەي
تۇرۇڭ، — دەپ، ئۆزى دەريانى ياقىلاپ شانىيازنىڭ قېشىغا
كېتىپتۇ.

نۇربۇۋى بىلەن شانىياز ئۇزاق گەپلىشىپ، بىر-



بىرىگە ئىشق ـ مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ، ئويـ
ناپ ـ كۈلۈشۈپتۇ. نۇربوۋى كېيىن قايتىپ كېلىپ
قىزلارغا ئاستا قېتىلىۋاپتۇ، بۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، شانىياز بىلەن نۇربوۋى ئويناپ ـ كۈ-
لۈپ بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شانىياز بىلەن نۇربوۋى دەريا
بويىنى سەيلە قىلىپ يۈرگەندە، شانىياز:

— ئىككىمىز بۇنداق يۈرۈپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلى،
دەرھال ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرەيـ
لى، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.

نۇربوۋى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ:

— خوپ ، بىراق سىز ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا
ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىڭ، — دەپتۇ.

شانىياز شۇ كۈنى ئاخشىمى تاماقتىن كېيىن مومىـ
سىغا ئاستاغىنا دەپتۇ:

— موما، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، ئەگەر
مۇمكىن بولسا، ئېيتىپ باقسام.

— خوپ، بالام، ئىلتىماسىڭنى ماڭا ئېيتماي
كىمگە ئېيتاتتىڭ ؟ ئېيتقىن، — دەپتۇ موماي.

— ئەيىب كۆرمىسىڭىز، موما، مەن نۇربوۋىنى ياخشى
كۆرەتتىم. شۇنىڭغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
ئالدىدىن ئۆتسىڭىز دېۋىدىم، — دەپتۇ شانىياز.

— ۋاي بالامەي، مەن بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇن تۇر-

سام، سەن مېنىڭ ئۆيۈمدە يۈرگەن بىر يېتىم بالا تۇرساڭ. نۇربۇۋىنىڭ دادىسى باي، يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى. بۇ ئىشىڭ بولمايدۇ، بالام، قوي، نۇربۇۋى توغرۇلۇق ئويلىما. «خىل ـ خىلى بىلەن، پىچاق قىنى بىلەن» دېگەن گەپ بار، مەن سېنى ئۆز خىلىڭنى تېپىپ ئۆيلەپ قوياي. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە بارسام، ئۇلار نومۇس كۈچىدىن بىزنى ئامان قويمايدۇ، — دەپ باش تارتىپتۇ موماي. شانىياز بولسا:

— ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، موما، ھەرھالدا بىر بېرىپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كۆرۈڭ، جېنىم موما، — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. موماي ئاخىر شانىيازنىڭ كۆڭلىنى قىيالماي ئەلچىلىككە بېرىشقا رازى بوپتۇ.

موماي ئەتىسى تاڭ سەھەردە، تېخى ھېچكىم ئۇيقۇدىن ئويغانمىغان چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، بىر قولىغا چېلەك، بىر قولىغا سۇپۇرگە ئېلىپ باينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

ئۇ باينىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىنى ئالا قويماي سۇپۇرۇپتۇ، سۇ چېچىپتۇ، كېيىن دېرىزىگە يېقىن كېلىپ:

ئەلچىمەنەي، ئەلچىمەن،
ئەلچىلىككە كەلدىمەن.
سىزدىن جاۋاب ئېلىشقا،
شانىيازدىن كەلدىمەن.

دەپتۇ - دە، كېتىپتۇ.
بۇ سۆزلەر ئۆيقۇدىن ئەمدى ئويغىنىۋاتقان باي بىلەن
ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. ھەيران بولغان
ئەر - خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقسا، ھېچكىم
يوق، ئىشىك ئالدى پاكىز سۈپۈرۈلگەن، سۇ چېچىلغان.
ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ - دە: « بۇ ئەلچى كېلىش-
نىڭ دېرىكى» دەپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەلچىنى كۈتۈپتۇ.
كەچقۇرۇنلۇقى ھېلىقى موماي يەنە ئىككى - ئۈچ مو-
ماينى بىللە ئەكەپتۇ. ئاۋۋال ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپلە-
شىپ ئولتۇرۇپ، كېيىن شانىياز دېگەن بىر يىگىتتىن
ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. باي شانىيازنىڭ كىم
ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى
ۋە مەنسەپ دەرىجىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. موماي بولسا
باينىڭ ھەربىر سوئالىغا تولۇق قىلىپ، شانىيازنىڭ يې-
تىم بالا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى
بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.
مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان باينىڭ قۇيقا چاچلىرى
تىك بولۇپ، قاتتىق غەزىپى ئۆرلەپتۇ ۋە ئاچچىقىغا چىدى-
يالماي:
— مەن بۇ شەھەرنىڭ كاتتىلىرىنىڭ بىرى تۇرسام،
بىر تېجىمەلنىڭ مېنىڭ قىزىمغا ئەلچى قويۇشى قانداق
گەپ؟! بۇ ماڭا ئاھانەت ئەمەسمۇ! مېنىڭ ئىشىكىمگە
ئىككىنچى ئاياغ باسقۇچى بولماڭلار، ئەگەر يەنە كېلىدىغان


بولساڭلار، پوتوڭلارنى چاقىمەن ! — دەپ ئەلچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. موماي ئۆيگە كېلىپ:

— دېمىدىممۇ، بالام، «بويۇڭ يەتمىگەن يەرگە قول ئۇزاتما» دېگەندەك، بايلار سەن بىلەن ماڭا ئوخشاش كەمبەغەللەرگە قىز بېرەمدۇ ! ئىككىنچى نۇربوۋى توغرۇلۇق ئويلىما، بولمىسا ، ئۇلار مېنىمۇ، سېنىمۇ خاراب قىلىدۇ. مەن ساڭا ئۆزۈڭنىڭ لايىقىدا ئوبدان بىر قىز تېپىپ ئۆيلەپ قويىمەن، بالام، — دەپتۇ. شانىياز:

— مەيلى، موما، جاھاننىڭ خاپا بولغۇچىلىكى يوق، — دەپتۇ - دە، نۇربوۋى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باشقىچە يول تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. لېكىن، شۇ كۈندىن باشلاپ نۇربوۋى كۆرۈنمەس بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى، ئەلچى كەلگەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ يۈرۈشىگە يول قويماس بولۇپ قالغانىكەن.

ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن غەزەپلەنگەن نۇربوۋىمۇ: «ئەگەر ئاتا - ئانام ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇشىغا رازى بولمىغان بولسا، مەنمۇ باشقىچە يول تۇتۇشۇم كېرەك» دېگەن ئوينى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى شېرىنخان ئارقىلىق شانىيازغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. شانىياز بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرسە: «ئەمدى مەن ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىندىم، لېكىن سىز بىلەن قىلىدىغان مەسلىھەتىم بار. شۇڭا، بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ باغقا كېلىڭ. سۇ ئېقىنىنى

بويلاپ ماڭسىڭىز، سۇ سىزنى توپتوغرا بىزنىڭ باغنىڭ سۆڭگۆچىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سۆڭگۆچ ئارقىلىق باغقا كىرىپ، گۈللەرنىڭ ئارىسىدا كۆتۈپ تۇرۇڭ. يېرىم كېچىدە-دە مەن چىقىمەن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن.



شانىياز شۇ ئاخشىمى يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇ-
رۇپ، سۇنى ياقىلاپ نۇربۇۋىلەرنىڭ بېغىغا قاراپ مېڭىپتۇ،
سۇڭگۇچتىن باغقا كىرىپتۇ ۋە گۈللەرنىڭ ئارىسىغا جاي-
لىشىپ، نۇربۇۋىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆز يۇمماستىن
يېرىم كېچىنى كۈتۈپ ياتقان نۇربۇۋىمۇ ئاستا ئورنىدىن
تۇرۇپ چىقىپتۇ. ئىككىسى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇزاق گەپ-
لىشىپتۇ ۋە جۈمە كېچىسى قېچىپ كېتىشكە ۋەدىلىشىپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ. نۇربۇۋى
ئاتىسىنىڭ ئات باقارى رېھىم بوۋاي بىلەن سۆزلىشىپ،
ئىككى ئاتنى ئېگەر - توقۇملىرى بىلەن تەييارلاپ، ئۇنى
كېچىسى باغنىڭ كەينىدە كۈتۈپ تۇرۇشقا تەينلەپتۇ ۋە
ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.
بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن چىراغلار ئۆچۈپ، ئەل ئايىغى
بېسىلغاندا، نۇربۇۋى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، تەكىيلەرنى
يوتقانغا ئوراپ، خۇددى بېشىنى يۆركەپ ئۇخلاۋاتقان ئادەم-
گە ئوخشىتىپ قويۇپ، ئۆزى چىقىپ كېتىپتۇ.
شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئاتىسى نۇربۇۋىنى يوقلاپ كىرىپ،
يوتقانغا ئورالغان تەكىيلەرنى كۆرۈپتۇ - دە، ھە، قىزىم
ئۇخلاۋېتىپتۇ، دەپ چىقىپ، ئۆز ھۇجرىسىدا خاتىرجەم
ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا رېھىم بوۋاي ۋەدە بويىچە ياخ-
شى ئىككى ئاتنى توقۇپ، باغنىڭ كەينىدە كۈتۈپ تۇرغان-
كەن. خۇددى شۇ ۋاقىتتا بۇياقتىن نۇربۇۋى، ئۇياقتىن شا-
نىياز يېتىپ كېلىپ، ئىككىسى ئىككى ئاتنى مىنىپتۇ -

دە، رىھىم بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ مومايىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

شانىياز مومايىنىڭ بەرگەن ياردىمى ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئەمدى كەتمەكنى بايان ئەيلەپتۇ. شۇ چاغدا موماي غەزەل بىلەن:

ئۆيدىن چىقسالڭ تىك داۋان،
ئۈندىن قانداق ئۆتەرسەن؟ !
چۆل - ياۋاندا بەش بۆرە،
ئۈندىن قانداق ئۆتەرسەن؟ !
دەريا بويى بۈك جاڭگال،
ئۈندىن قانداق ئۆتەرسەن؟ !
يىرىم يولدا قاراقچى،
ئۈندىن قانداق ئۆتەرسەن؟ !

دەپتۇ ۋە شانىيازنىڭ كەتمەسلىكىنى ئىلتىماس قىلىپ يىغلاپتۇ. شانىياز مومايىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە جاۋابەن:

ئىگىز - ئىگىز داۋاننى
ئاتلىرىمغا تاپشۇردۇم.
ياۋاندىكى بۆرىنى
مىلتىقىمغا تاپشۇردۇم.
ئادەم ئۆتمەس جاڭگالنى
چاقمىقىمغا تاپشۇردۇم.

يولدىكى قاراقچىنى
تەقدىرىمگە تاپشۇردۇم.

دەپ، بۇ يەردىن كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە: «خەير، موما» دەپتۇ ــ دە، «چۇھ» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. موماي بولسا: «خەير، بالام، سىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم !» دەپ دۇئا قىلىپ قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئۇلار بىر يەرلەرگە كەلسە، ناھايىتى ئېگىز ۋە تىك داۋان تۇرغۇدەك. شانىياز بىلەن نۇربۇۋى ئېتىنى «چۇھ» دەپ بىر قامچا ئۇرغانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە داۋاندىن ئېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر يەرلەرگە كەلسە، بەش چىلبۆرە ھۇۋلاپ يۈرگۈدەك. شانىياز ئوقيا ـ سىنى ئېلىپ ئۈچ قېتىم ئاتقانىكەن، بۆرىلەردىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغىنى قېچىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر يەرلەرگە كەل ـ سە، بىر دەريانىڭ بويىدا ئادەم ئۆتەلمەس بۈك جاڭگاللىق تۇرغۇدەك. شانىياز چاقمىقىنى بىر چاققانىكەن، پۈتۈن جاڭگال كۆيۈپ، يول ئېچىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە ئالدىدىن يەتتە قاراقچى چىقىپتۇ ــ دە، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، بىر تاغنىڭ ئارىسىغا ئەكېتىپتۇ. قاراقچىلار ئۇلارنى ئۆزلىرى تۇرغان بىر غارغا ئەكىرىپ، شانىيازدىن:

ــ ساڭا جان كېرەكمۇ ياكى مال كېرەكمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭلار، چۈشىنەلمىدىمغۇ؟ — دەپتۇ شانىياز.

— ئەگەر جان كېرەك بولسا، قۇرۇق بېشىڭنى ئەكېتىۋەرگىن، ساڭا يول ئوچۇق، ئاتلىرىڭ بىلەن بۇ قىز قالىدۇ. ئەگەر مال كېرەك دېسەڭ، بۇ يەردىن تىرىك چىقمايسەن، — دەپتۇ قاراقچىلار.

— ئاتلىرىمنى ئالساڭلارمۇ ئېلىڭلار، لېكىن بۇ قىز مېنىڭ خوتۇنۇم بولغاچقا، مەن ئۇنى سىلەرگە تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — دەپتۇ شانىياز.

شۇ ئارىدا قاراقچىلار شانىيازنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپتۇ ـ دە، نۇربۇۋۇنى تاماق تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ.

نۇربۇۋى كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئىلاجسىز قاراقچىلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاماق تەييارلاشقا باشلاپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەردىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى ئىزدەپتۇ، شۇ ئارىدا يانچۇقىدىكى ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئېلىۋالغان بىر بولاق ئوغا يادىغا چۈشۈپتۇ.

تاماق تەييار بولغاندا، نۇربۇۋى ھېلىقى ئوغىنى ئاستا تاماققا ئارىلاشتۇرۇپتۇ ـ دە، قاراقچىلارغا بېرىپتۇ. قاراقچىلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، بىرپەستە ھەممىسى قېتىپ قاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا نۇربۇۋى شانىيازنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئاتلىرىغا مىنىپ يەنە يولغا راۋان

بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، يەنە خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇلار بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ ۋە ئېگەر - توقۇملىرىنى ئېلىپ ئوتلاشقا قويۇۋېتىپتۇ. ئۆزلىرى دەم ئېلىپ تاماق قىلىپ يەپتۇ ھەم ئۇزاق يول مېڭىپ ھارغانلىقىدىن يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى يەنە تاماق تەييارلاپ يېگەندىن كېيىن، شانىياز ئەمدى ئاتلارنى تۇتۇپ كېلەي دەپ قارىسا ئاتلىرى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇياق - بۇياققا قاراپ زادىلا تاپالماي، بىر قىرغا چىقىپ ئولتۇرسا، نۇرغۇن قۇلانلار ئوينىشىپ يۈرگۈدەك. شانىياز قۇلانلارغا قاراپ:

ھەي قۇلانلار، قۇلانلار،
ئۆزى ياخشى قۇلانلار،
كۆزى ياخشى قۇلانلار.
كەركە بويلۇق كەر ئاتنى
كۆردۈڭلارمۇ، قۇلانلار؟
سۇرمە رەڭلىك سۇر ئاتنى
كۆردۈڭلارمۇ، قۇلانلار؟

دەپ غەزەل بىلەن سوراپتۇ. قۇلانلار بولسا بويۇنلىرىنى تولغاپ قاراپ قويۇپتۇ - دە، ئۇنچىقماي يۈگۈرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قارىسا ھەممىسىنىڭ كەينىدىن بىر ئاقساق قۇلان

ئارانلا مېڭىپ كېتىۋاتقۇدەك. شانىياز بۇنىڭغىمۇ:

ھەي قۇلانجان، قۇلانجان،
ئۆزى ياخشى قۇلانجان،
كۆزى ياخشى قۇلانجان.
كەركە بويلۇق كەر ئاتنى
كۆردىمكىن قۇلانجان؟
سۇرمە رەڭلىك سۇر ئاتنى
كۆردىمكىن قۇلانجان؟

دەپتۇ. شۇ چاغدا بۇ ئاقساق قۇلان توختاپتۇ ــ دە:

ھەي يولۇچى، يولۇچى،
كەركە بويلۇق كەر ئېتىڭ
كەر بۇلاقتا يۇرىدۇ.



ئوك يېقىدا ئون قۇلان
سەكرەپ ئويناپ يۈرىدۇ.
سۈرمە رەڭلىك سۈر ئېتىك
سۈر بۇلاقتا يۈرىدۇ.
سول يېقىدا بەش قۇلان
سەكرەپ ئويناپ يۈرىدۇ.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ـ دە، پۇتىنى كۆتۈرۈپ شانىيازغا كۆرستىپتۇ. شانىياز يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇلاننىڭ پۇتىغا قارىسا، بىر تاش كىرىپ قالغانىكەن. شانىياز قۇلاننىڭ پۇتىدىن تاشنى ئېلىپ، بېشىنى سىلاپ قويغانىكەن، ئۇنىڭ پۇتى ساقىيىپ كېتىپتۇ ۋە بىر يۈگۈرۈپتىكەن، ھەممە قۇلانلاردىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

كېيىن شانىياز نېرىقى بىر قىرغا چىقىپ قارىسا، بىر بۇلاقنىڭ بويىدا كەر ئېتى قۇلانلار بىلەن سەكرىشىپ ئويناپ يۈرگۈدەك، يەنە بىر بۇلاقنىڭ بويىدا سۈر ئېتىمۇ بىرنەچچە قۇلان بىلەن سەكرەپ ئويناپ يۈرگۈدەك. شانىياز بۇ ئاتلارنىڭ يۈگەنلىرىنى شاراقلاتقانىكەن، ھەر ئىككى ئېتى يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەپتۇ. شانىياز بۇلارنىڭ بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلەپ نۇربۇۋىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، ئېگىرنى توقۇپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.

يەنە كۆپ يول ماڭغاندىن كېيىن شانىياز ئۆزى يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئاتا مىراسىغا ئىگە بولۇپ، نۇربۇۋى

بىلەن بەختلىك ياشاپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى ئۇلارنى ئىزدىدىمىكىن ياكى ئىزدىمەدىمىكىن، بۇنىسى مەلۇم ئەمەس، لېكىن شانىياز بىلەن نۇربۇۋى شۇنداق قىلىپ ئۆز مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

# زۇلخۇمار

بۇرۇنقى زاماندا ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى پادى-
شاھنىڭ بېغىدا ئىشلەپ ئۆتكۈزگەن بىر جۈپ بوۋاي -
موماي بولغانىكەن. بوۋاي ئۇلاق ئۇلاشتا، موماي گۈل
ئۆستۈرۈشتە تەڭدىشى يوق ماھىرلاردىن ئىكەن.

ئىككى ماھىرنىڭ ئۇزاق مۇددەت قېتىرقىنىپ، ئەجىر
قىلىشى بىلەن پادىشاھنىڭ بېغى شۇنداق كارامەت بىر
باغقا ئايلىنىپتۇكى، بۇ باغدا دۇنيادا بار بولغان پۈتكۈل
گۈل ۋە مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن، دۇنيادا تېخى
مەۋجۇت بولمىغان گۈل ۋە مېۋىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ
ئىكەن.

پادىشاھ ئۆز بېغىنى پات - پاتلا ئايلىنىپ تاماشا قى-
لىپ تۇرمىسا، كۆڭلىنىڭ بىر يېرى يېرىم بولۇپ قالى-
دىكەن، شۇڭا پادىشاھ ئۆز بېغىنى ھەتتا ئالتۇن تەختى-
دىنمۇ ئەتىۋار بىلىدىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئەنە شۇ باغقا ئۇشتۇمتۇت ئىككى
قۇزغۇن ئۇچۇپ كەپتۇ - دە، ئاغزىدىن ئوت - يالقۇن

چىقىرىپ، سەت قاقىلداپ، بۇ باغنى كېچە - كۈندۈز ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان نەغمىچى قۇشلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈپ - توقاي قىلىۋېتىپتۇ. غەزەپلەنگەن بوۋاي - موماي ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئىككى مەخلۇقنى باغدىن چىقىرىۋېتەلمەپتۇ. ئاخىر ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ باغقا چىقىپتۇ، بىراق بۇ ئىككى مەخلۇق دەرھال چىرايلىق بىر جۈپ شاتۇتىغا ئايلىنىپ، پادىشاھقا ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— خۇش كەپسىلا ! — دەپ خۇشال سايرىشىپتۇ.

بوۋاي - موماي ھەيران قاپتۇ. بۇنىڭ ئادەتتىكى قۇزغۇن بولماي، بەلكى قانداقتۇر بىر ۋەھىملىك مەخلۇقلاردىن ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ ۋە پادىشاھقا بۇلارنىڭ بىر بالايىئاپەتنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئىككى مەخلۇقنىڭ ئۆزىنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىدىن خۇدىنى يوقاتقان پادىشاھ بوۋاي بىلەن مومايىنى تىللاپ:

— ئەقىلسىز دۆتلەر، شاھ بېغىغا بەخت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىشمەيسەن، ئەسلي بۇ باغ مۇشۇنداق ئەقىللىق جانىۋارلارنىڭ ماكانى بولۇشقا تېگىشلىك، — دەپ بۇ ئىككى مەخلۇقنى ئەركىلىتىشكە باشلاپتۇ. شاتۇتى قىياپىتىگە كىرىۋالغان قۇزغۇنلار قاناتلىرىنى قېقىشىپ:


— دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن، شاھىم ! — دېيىشىپتۇ.

بوۋاي بىلەن موماي پادىشاھنىڭ بۇ مەخلۇقلارغا ئالدىنىپ قالماسلىقىنى قايتا - قايتا تەۋسىيە قىپتۇ. بۇ مەخلۇقلارنىڭ ھىيلىسى بىلەن ئەقلى بۇلغانغان پادىشاھ بوۋاي - مومايىنى باغدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي يىغلا - يىغلا شەھەرنىمۇ تاشلاپ، چۆلگە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن ماغدۇرى كېتىپ يىقىلاي دەپ قالغاندا، تاغقا ياندىشى، تاملىرى ئېگىز چوڭ بىر باغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇيان ئايلىنىپ - بۇيان ئايلىنىپ، ئاخىر باغقا كىرىدىغان بىر سۆڭگۆچنى تېپىپتۇ - دە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆڭگۆچتىن باغ ئىچىگە كىرىپتۇ. بۇ باغ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك گۈزەل ئىكەن، گۈزەللىكتە پادىشاھنىڭ بېغىدىنمۇ قېلىشمايدىكەن. بوۋاي مېۋىلىك دەرەخلەرنى ماختىسا، موماي ھەر خىل گۈل - چېچەكلەرنى ماختاش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھارغان - ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، باغنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتۇ، ئۆزلىرىدىنمۇ ماھىر باغۋەنلەرنىڭ بارلىقىغا ھەيران بولۇپ، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئىللىق شامال كۆتۈرۈلۈپ، دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەكلەر گويا تەزىم قىلغاندەك يېقىملىق تەۋرىنىپتۇ - دە، ھاۋادىن بىرقانچە پەرى پەرۋاز قىلىشقىنىچە باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر قىرغاقلىق كۆل يېنىغا كېلىپ قونۇپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەيمە-

نىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، گۈللۈك ئارىسىغا يوشۇرۇ-
نۇپتۇ. بىراق، كۆل بويىغا چۈشكەن پەرىلەر بىردىن
ئالاقزادە بولۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ - دە: «ئادەم
ھىدى كېلىۋاتىدۇ، ئاختۇرايلى» دېيىشىپ، تەرەپ - تەرەپ-
كە بۆلۈنۈپ، ئۆز بېغىدا ۋاقىتسىز پەيدا بولغان كىشىلەر-
نى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئۆز ئۆمرىنى باغۇەنچىلىك بى-
لەنلا ئۆتكۈزگەن ئاق كۆڭۈل بوۋاي بىلەن موماي بۇ باغقا
ئىجازەتسىز كىرىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپ، ئۇلار-
نى ئىزدىتىپ ئاۋارە قىلغاندىن كۆرە، نېمە كۆرسەكمۇ
كۆرمەيمىزمۇ دېيىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ - دە،
پەرىلەرگە قاراپ:
— قىزلىرىم، ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار، بىز بۇ يەرگە تې-
نەپ كىرىپ قاپتىمىز، — دەپ خىجالەتچىلىك بىلەن
ئۇلارغا تەزىم قىپتۇ.
پەرىلەر بوۋاي - موماينىڭ خىجالەتچىلىك بىلەن تۆۋەن
قاراپ تۇرغان چىرايىدا غەيرىي قۇۋلۇق - شۇملۇقنىڭ
ئالامىتى يوقلۇقىغا ئىشىنىپ دەرھال بوۋاي - موماينىڭ
يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كىرىپ
قالغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي - موماي ئۆز كەچۈرمىشلى-
رىنى سۆزلەپ، بىر جۈپ قۇزغۇننىڭ ۋەھىمىسى ۋە پادى-
شاھنىڭ ھاماقەتلىكىدىن شىكايەت قىپتۇ. بۇ شىكايەت پە-
رىلەرنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇپتۇ. ئەسلىدە ئاشۇ ئىككى
قۇزغۇن پەرىلەرنىڭ ئەسلىي ماكانىغا يانداش بىر گىياھ-

سىز تاغ ئارىسىدا ياشايدىغان ئەر ـ ئايال جادۇگەرلەر بو-
لۇپ، ھاياتلىقتىكى گۈزەللىك، ئەركىنلىكنىڭ كۈشەندىسى
ئىكەن. شۇ ۋەجدىن پەرىلەرنىڭ ماكانىغىمۇ نۇرغۇن قېتىم



ھۇجۇم قىلغان، بىراق كۈچ ئىلىشالماي چېكىنىشكە مەج-بۇر بولغانىكەن. ئەنە شۇ جادۇگەرلەرنىڭ بۈگۈنكى كۆن-لۈكتە پادىشاھنىڭ بېغىنى خاراب قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكى پەرىلەرنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرۈپتۇ.

بوۋاي - موماي پەرىلەرنىڭ سۆزىدىن، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل - زېھنىنى سەرپ قىلىپ گۈللەندۈرگەن باغنىڭ ئەمدى قۇزغۇنلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا ۋەيران بولىدى-غانلىقىنى چۈشىنىپ، زار - زار يىغلىشىپ، پەرىلەردىن قۇزغۇنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ياردەم تىلىشىپتۇ.

— خانىنىڭ ئەقلى ئۇلارنىڭ جادۇسىدىن سېھىرلىنىپ بولدى، — دەپتۇ پەرىلەر بوۋاي - مومايغا، — سىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار، كېيىنچە بىر گەپ بولار.

— بىز قېرىپ قالدۇق، — دەپتۇ بوۋاي - موماي مە-يۈسلىنىپ، — كېيىننى بىز كۆرەلەرمىزمۇ؟

پەرىلەرنىڭ بۇ ئىككى بىچارىگە ھېسداشلىقى ئېشىپ، بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپتۇ - دە، ئىچىدە بىرىنىڭ-مىلەرنى ئوقۇپ ئۇرۇپ، كۆل سۈيىنى ئوچۇملاپ بۇ ئىك-كىسىگە چېچىپتۇ. بوۋاي - موماي ئەندىكىپ، كۆزلىرىنى بىرلا يۇمۇپ ئېچىش بىلەن ئون سەككىز ياشتىكى قىز - يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ ۋە ھەيران بولۇشۇپ:

— بۇ بىزنىڭ ئوغلىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ؟ — دېيىـ-شىپتۇ.

— بۇ سىلەرنىڭ ئوڭلۇڭلار، — دەپتۇ پەرىلەر خۇشال

كۆلۈشۈپ، — ئەمدى بۇ باغ سىلەرنىڭ بولدۇ، باغۇەنلىك ھۈنىرىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، بۇ باغنى خالىغانچە ياشار-تىڭلار، بىز ھەر پەيشەنبە كۈنى كېلىپ سۇغا چۆمۈلۈپ، ئويناپ كېتىمىز.

پەرىلەر شۇنداق دېيىشىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ - دە، پەرۋاز قىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپتۇ. پەرىلەر دېگىنىدەك ھەر پەيشەنبە كۈنى كېلىپ، باغدا تاماشا قىلىپ كېتىپ يۈرۈپتۇ. قېرىپ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا قايتا قىرانلىق دەۋرىگە ئېرىشكەن بوۋاي بىلەن موماي پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى باغنى پەرۋىش قىلىشقىلا بېغىشلىغاز-لىقتىن، باغمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆركەملىشىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇ ھالدا ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئايال ھامىلىدار بولۇپ بىر قىز تۇغۇپتۇ، ئۇنىڭغا زۇلخۇمار دەپ ئات قو-يۇشۇپتۇ. پەرىلەر ئۇچۇپ كېلىپ، زۇلخۇمارنى قولىغا ئې-لىپ ئەركىلىتىپ سۆيۈشۈپتۇ - دە، ھەممىسى ئۆز تىلەك-لىرىنى بايان قىپتۇ:

كۈلسە ئاغزىدىن گۈللەر ئېچىلسۇن،
ماڭسا تاپىنىدىن تىللا تۆكۈلسۇن،
يىغلىسا كۆزىدىن ئۈنچە چېچىلسۇن،
نىگاھى ئالدىدا قۇزغۇن تىترىسۇن.

هەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپ زۇلخۇمار پەرىلەرنىڭ تىلىگە-
نىدەك، كۇلسە ئاغزىدىن گۈل ئېچىلىدىغان، يىغلىسا كۆ-
زىدىن ئۈنچە چېچىلىدىغان، ماڭسا تاپىنىدىن تىللا تۆكۈ-
لىدىغان قىز بولۇپ چوڭ بوپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشاللانغان
ئەر - ئايال ئۇنىڭ نىگاھى ئالدىدا قۇزغۇنلارنىڭمۇ تىترەي-
دىغانلىقىغا ئىشىنىپ، بۇ باغقا قۇزغۇنلارنىڭ كېلەلمەيدى-
غانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ.

زۇلخۇمار ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ. پەرى ھەدىلىرىنىڭ
ئەركىلىتىشى بىلەن ئۆسكەن بۇ قىز خۇددى پەرى ھەدى-
لىرىدەك گۈزەل ۋە نازاكەتلىك قىز بوپتۇ. شۇ يىلى بۇ
باغنى ھېلىقى ئىككى قۇزغۇننىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى
مەلۇم بوپتۇ. بۇنى پەيشەنبىلىك تاماشىغا كەلگەن پەرىلەر
ئەر - ئايالغا مەلۇم قىلىپ، زۇلخۇمارنىڭ سەگەك بولۇپ
تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. بىر كۈنى زۇلخۇمار ئورنىدىن ۋاقچە
تۇرۇپ باغقا چىقىپتۇ، باغنى ئايلىنىپ گۈلزارلىقلاردا تا-
ماشا قىلىپ كۆل بويىغا كەلگەندە، دادىسى بىلەن ئانىسى-
نىڭ قەپەسكە سولانغان چىرايلىق بىر قۇشنى كۆتۈرۈپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، دەرھال ئۇلارنىڭ
ئالدىغا بېرىپ قەپەسنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ، قەپەستىكى قۇش
زۇلخۇمارنى كۆرۈپ ئۆزىنى قەپەسنىڭ شادىلىرىغا ئۇرۇپ،
قېچىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىپتۇ. زۇلخۇمار ئاتا - ئانى-
سىغا قاراپ، ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇنى قەيەردىن ئالدىڭلار؟ — دەپتۇ.

— ھېلىـىلا گۈللەر ئارىسىدا سايراپ، ئويناپ يۈرگـەـ
نىكەن، كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنـۈپ تـۇتـۇۋالـدۇق، —
دېيىشىپتۇ. زۇلخۇمار:

— سىلەر گۈللەتكەن پادىشاھنىڭ بېغىنى خازان قىلـ
غان قۇزغۇننىڭ بىرى مۇشۇ، — دەپتۇ زۇلخۇمار ۋە يەرنى
كولاپ، ئۇنى قەپەس بىلەن بىللىلا كۆمۈپ تاشلاشنى بۇيـ
رۇپتۇ. قۇزغۇن شۇئان تىلغا كىرىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرمەسـ
لىكنى تىلەپ، زۇلخۇمارغا قاتتىق يالۋۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ
قانچە يالۋۇرسىمۇ، زۇلخۇمار قىلچە رەھىم قىلماي ئۇنى
كۆمدۈرۈپ تاشلاپتۇ. قۇزغۇن يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ئۈچ
كۈنگىچە قاقىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ يېتىپ، تۆتىنچى كۈـ
نى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، بەشىنچى كۈنى قۇزغۇن
كۆمۈلگەن جايدىن بىر توپ ئازغان ئۈنۈپ چىقىپتۇ. شۇ
كۈندىن باشلاپ باغقا يەنە بىر قۇزغۇن ئۇچۇپ كېلىپ ھېـ
لىقى ئازغانغا قونۇۋېلىپ قاقىلدايدىكەن، ئۇنىڭ ئاۋازى
شۇنداق دەھشەتلىك چىقىدىكەنكى، باغدىكى غەزەلچى
قۇشلارنىڭ ھەممىسى باغنىڭ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلىرىغا ئۇچۇپ
كىرىپ كېتىدىكەن، بىراق زۇلخۇمارنى كۆرۈشى بىلەن
قۇزغۇن ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپ قالىدىكەن،
غەزەلچى قۇشلار مۆكۈنگەن جايلىرىدىن چىقىپ، يەنە ئۆز
سايراشلىرىنى داۋام قىلىپ باغنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتىدىكەن.

بۇ ھال ئۇزۇن داۋاملىشىپتۇ. بىر كۈنى چۈشتە زۇلـ
خۇمار ئۆز ھۇجرىسىدا قاتتىق ئۇخلاپ ياتقانىكەن، قۇزغۇن

يەنە كەپتۇ. بىراق، ئۇ بۇ نۆۋەت قاقىلدىماي، ئازغانغىمۇ قونماي، توپتوغرا زۇلخۇمارنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇچۇپ كىر-ىپتۇ ـ دە، ئۇيقۇدا ياتقان زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرىنى تىز-لىك بىلەن چوقۇپ ئويۇپ تاشلاپتۇ، ئاندىن زۇلخۇمارنى چاڭگاللىغىنىچە كۆككە ئاچىقىپ كېتىپتۇ. ئاتا ـ ئانا نې-مە قىلارىنى بىلمەي، داد ـ پەرياد قىلغىنىچە ئۆزلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ يېتىپ قاپتۇ.

قۇزغۇن شۇ كۆتۈرۈلگەنچە كۆك قەرىگە چىقىپتۇ ـ دە، زۇلخۇمارغا:

ــ سەن مېنىڭ ئايالىمنى قەتل قىلدىڭ، مەن سېنىڭ بىزنى قورقۇتىدىغان كۆزلىرىڭنى ئويۇپ تاشلىدىم. مېنىڭ سەندىن ئالىدىغان ئىنتىقامىم بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. سەن مېنىڭ ئايالىمنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرگەن بولساڭ، مەنمۇ سېنى شۇنداق ئۆلتۈرىمەن، ــ دەپتۇ ـ دە، پەسكە شۇڭغۇپ، ئادەمزاتسىز بىر چۆلگە چۈشۈپتۇ. چۆلدە قا-چانلاردىدۇر كولىنىپ قالغان تاشلاندۇق قۇدۇق بار ئىكەن، قۇزغۇن زۇلخۇمارنى ئەنە شۇ قۇدۇققا تاشلاپتۇ، «ئەزرائىلنى مۇشۇ يەردە كۈت ! » دەپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.


زۇلخۇمار كونا قۇدۇقتا بىلىنگىچە سۇغا پېتىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپتۇ. سوغۇق، ئاچلىق ۋە ئۇيقۇ-سىزلىقنىڭ دەردى ئۇنى ئاستا ـ ئاستا دەرمانسىزلاندۇرۇپ-تۇ. ئۇ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈلپەتتىن پەرى ھەدىلىرىنىڭ

خەۋەرسىز قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ ياش تۆكۈپ، ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ يېتىشتىن باشقا ئامال قىلالماپتۇ. ماغ-دۇرسىزلانغان پۇتلىرى سوغۇق سۇدا تارتىشىپ، تىزلىرى پۈكۈلۈشكە باشلاپتۇ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، يېتىۋالغۇسى كەپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئۆزىگە ئەجەل ئەلچىسىنىڭ بارغانسې-رى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. جان نېمىدې-گەن تاتلىق - هە! ئۇ سەسكىنىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ. قارىچۇقى قۇيۇلغان بۇ كۆزلەر كۆرۈش ئىقتىدارىدىن قال-غاچقا، كۈننىڭ كېچە ياكى كۈندۈز ئىكەنلىكىنى سېزەل-مەپتۇ. ئۇ سىلاپ - سىيپاپ قۇدۇقنىڭ زەيلەشكەن تاملى-رىغا يۆلىنىپ، سىرتقا قۇلاق ساپتۇ. بۇ ئادەمسىز چۆلدىن هەتتا ئۇچار قاناتلارنىڭمۇ ئاۋازى كەلمەپتۇ. قىز هاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، هايات تىزگىنىنى ئەجەل ئاتلىق قابا-هەتكە تاپشۇرۇپ، بوشىشىپ كەتكەن پۇت - قوللىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپتۇ. تىزلىرى ئاستا - ئاستا پۈ-كۈلۈپ، سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ.

قىز سۇغا چۆكۈپ كېتىپ بېرىپ، بىرنەرسىلەرنىڭ ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ سەگەكلىشىپ سىرتقا قۇلاق ساپتۇ. سىرتتىن كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، كىمدۇر بىرىنىڭ قۇدۇققا چۈشۈرۈۋاتقان چېلەكنىڭ داراڭلىغىنى ئاڭلىنىپتۇ. هاياتلىق ئۈمىدى قايتا يالقۇنلىغان قىز كۆ-چەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى چېلەككە سۇنۇپ ئۇنىڭ ئارغامچىسىغا مەهكەم يېپىشىپتۇ.

ئەمدى قۇدۇققا چېلەك سالغان كىشىگە كېلەيلى:

بۇ كىشى زۇلخۇمارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياشىغان شەھەرنىڭ چۆلگە تۇتاش بىر چەت يېزىسىدا پادىچىلىق بىلەن هايات كەچۈرىدىغان بوۋاي ئىكەن. ئۇ هەر كۈنى كالىلىرىنى چۆللۈككە ئاچىقىپ يۇلغۇنلۇققا قويۇپ بېرىدىكەن، چۈشكە يېقىن مۇشۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ سۇغىرىپ كېتىدىكەن، شۇڭا ئۇ باققان كالىلار چۆپكىمۇ، سۇغىمۇ تويۇپ ـ قانغاچقا ناهايىتى تېمەن ۋە سېمىز ئىدىكەن. كالىنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىڭ بۇنداق كۆڭۈل قويۇپ بېقىشىدىن بەكمۇ رازى ئىكەن. بىراق، بوۋاي ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كالىلارنى بېقىشقا چىقالماي، بۈگۈن ئازراق ماغدۇرىغا



كېلىپ، قايتا پادا بېقىشقا چىققانىكەن.

ئۇ كالىلىرىنى قۇدۇق بېشىغا توختىتىپ قويۇپ، قۇدۇققا چېلەك تاشلاپتۇ ـ دە، ئۇنى سۇغا چۆكۈرۈپ شۇنداق تارتىشىغا، خۇددى چېلەك بىرنەرسىگە ئىلىنىپ قالغاندەك قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ. بوۋاي ھەيران بولۇپ قۇدۇق ئىچىگە قاراپتۇ، قۇدۇق چوڭقۇر بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئىچىنى كۆرەلمەپتۇ. بوۋاي يەنە كۈچەپ تارتىپتۇ ـ دە، قۇدۇق ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ ھالسىز ئىڭرىغىنىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ. «بۇ نېمە كارامەت؟» دەپتۇ ئىچىدە ھەيران بولۇپ، ئاندىن قۇدۇققا قاراپ: «ئادەممۇسەن، جىنمۇ؟ ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل ! » دەپ توۋلاپتۇ. قۇدۇق ئىچىدىن: «مەن ئادەم، مەندىن يانمىسا، خۇدادىن يانار، رەھىم قىلىپ قۇتقۇزۇۋالسىلا» دېگەن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بوۋاي: «ئەمىسە ئارغامچا بىلەن بېلىڭىزنى باغلا» دەپتۇ. زۇلخۇمار ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپتۇ، ئاغرىقچان بوۋاي پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ، مىڭ تەسلىكتە زۇلخۇمارنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىپتۇ. زۇلخۇمار سىرتقا چىقىپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. بوۋاي قارىغۇدەك بولسا، ناھايىتى كېلىشكەن قىز، بىراق ئىككى كۆزى ئويۇلغان. بوۋاي تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان بۇ قىزنىڭ بېشىغا نېمە ئەلەم كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمەي، ئۇنى بىر ئۆكۈزگە ئارتىپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ. ئاق كۆڭۈل بوۋاينىڭ ئۆزىگە ماس كەلمىگەن، جاۋىلداق بىر

خوتۇنى بار ئىكەن. ئۇ بوۋاينىڭ بىر قارىغۇ كېسەلمەننى ئەكەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئۆزىمىزنى باقالمايۋاتساق، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، بۇ كېسەل كۆرپىسىنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ — دەپ جاۋلداپلا كېتىپتۇ. بوۋاي:

— ئۇنداق دېمە، خوتۇن، بىچارە ياش ئىكەن، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىقىمىزنى ئايىمايلى، ساۋاب بولىدۇ، — دەپتۇ - دە، ئورۇن سېلىپ زۇلخۇمارنى ياتقۇزۇپ، ئىسسىق چاي ئىچۈرۈپتۇ. زۇلخۇمار ھوشىغا كېلىپ، بوۋاينىڭ ياخشىلىقىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش بىلەن تەڭ ئۈنچىلەر تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن موماي:

— بۇ خېلى چوڭ باينىڭ قىزى ئوخشىمامدۇ، بويىنىغا ئاسقان ئۈنچىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى بولغاي، — دەپ، يەرگە چېچىلغان ئۈنچىلەرنى يىغىشقا باشلاپتۇ. زۇلخۇمار بۇنى ئۇقۇپ:


— ئانا، بۇنداق ئۈنچە مەندە كۆپ، قىسىلسىلا سېتىپ چاي - تۇز قىلسىلا، — دەپ قۇدۇق ئىچىدە يىغلىغاندا يانچۇقلىرىغا تۆكۈلۈپ قالغان ئۈنچىلەرنىمۇ ئېلىپ بېرىپتۇ. موماي ھەممىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېلىۋاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، زۇلخۇمار خېلى ياخشى بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا ماڭغانىكەن، تاپىنىدىن تىللا تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن موماي يۈگۈرۈپ كېلىپ

تىللالارنى تېرىپ يانچۇقىغا ساپتۇ ۋە ئىچىدە بۇ راستتىنلا بايىنىڭ قىزى ئىكەن، بەلكى بۇنىڭ كۆزىنى ئەنە شۇ تىللالارنى كۆزلىگەن بىرى ئويغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ بارلىق تىللا - ئۈنچىلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن زۇلخۇمار ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپتۇ، بىراق ھېچنېمە تاپالماپتۇ. لېكىن، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ چۈشۈپ قالىدىغان تىللا - ئۈنچىلىرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. موماي ئۇنى بوۋايدىن يوشۇرۇنچە ئۇتتۇرلۇق توپلاپ بىر ساندۇققا قاچىلاۋېرىپتۇ. ساندۇقمۇ توشۇپتۇ. شۇ چاغدا مومايىنىڭ نىيىتى بىردىن بۇزۇلۇپتۇ، ئۇ، مۇبادا بۇ قارىغۇنىڭ ئىگىسى چىقىپ قېلىپ ئەكەتكۈدەك بولسا، بۇ تىللا - ئۈنچىلەرنىڭمۇ سورىقى بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ قارىغۇنى ۋاقتىدا جىمىقتۇرۇپ، ئىشنىڭ ئالدىنى ئالاي دەپ ئويلاپ، بوۋاي پادا باققىلى چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى يوقىتىۋەتمەكچى بوپتۇ، بىراق قايسى يول بىلەن يوقىتىشنى ئويلاپ يېتەلمەي بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا زۇلخۇمار خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەنىكەن، ئاغزىدىن تۇرلۇك - تۈمەن گۈل ئېچىلىپ بوۋاينى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. زۇلخۇمار شۇئان قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ بىر تۇتام گۈلنى سۇغۇرۇۋاپتۇ - دە، بوۋايغا بۇ گۈللەرنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ

كېلىشنى تاپىلاپتۇ. بوۋاي گۈللەرنى ئېلىپ بازارغا بېرىپ-
تۇ. بۇ گۈللەر بازاردا ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ، چۈنكى
پادىشاھنىڭ بېغىغا قۇزغۇن پەيدا بولغاندىن بۇيان پۈتۈن
شەھەردىكى دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەكلەر قۇرۇپ تۈ-
گىگەنىكەن. شەھەر خەلقى گۈلنى كۆرۈپ، مەن ئالىمەن
دېسە، مەن ئالىمەن دېيىشىپ، بوۋاينى ئوتتۇرىغا ئېلىۋاپ-
تۇ. شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ بازارغا چىققا-
نىكەن، ئۇلار بوۋايغا دەرھال پۇلىنى تۆلەپتۇ - دە، گۈلنى
ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ گۈل-
نى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي قاپتۇ، بۇنداق
گۈللەر ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆز بېغىغا قارىغان
بوۋاي - موماي باغۋەنلەرنىڭلا قولىدا ئۆسكەنىكەن. ئۇلار





كېتىپ گۈل تۇرماق، دەل ـ دەرەخلەرمۇ قۇرۇپ تۈگىگە-
نىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، بىر تەرەپتىن، بوۋاي ـ مو-
ماينى قوغلىۋەتكىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلسا، يەنە بىر
تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ قوغلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان «شاتو-
تى» دىنمۇ گۇمانلىنىپ قاپتۇ، يېقىندىن بۇيان ئەنە شۇ
شاتۇتىنىڭ بىرى ئىزسىز يوقىلىپ كېتىپ، ئىككىنچىسى
بىرقانچە كۈندىن كېيىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇ-
نىڭمۇ ئىزسىز يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئال-
تۇن قەپەسكە سولاپ ئۆز يېنىدا ساقلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.
بىراق، بۇ شاتۇتى بۇرۇنقىدەك سايرىمايدىكەن، ئۇنىڭ كۆز-
لىرى تۇرۇپ ھۇۋقۇشنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالسا، تۇرۇپ
مۈشۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالىدىكەن. بۇنداق چاغدا پا-
دىشاھنى قاتتىق سۈر باسىدىكەن ـ دە، شاتۇتىنى سىرتقا
ئاچىقىپ كېتىشكە بۇيرۇيدىكەن ۋە بوۋاي ـ موماي باغۋەن-
لەرنى ئەسلەپ قالىدىكەن. مانا بۈگۈن ئەنە شۇ بوۋاي ـ
مومايلار ئۆستۈرگەندەك چىرايلىق گۈلنى كۆرۈپ ئۇلارنى
تېخىمۇ سېغىنىپتۇ ـ دە، گۈلنى سېتىشقا ئەكەلگەن
بوۋاينى دەرھال ئىزدەپ تېپىشنى بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەر
تەرەپ ـ تەرەپكە ئات سېلىپ بوۋاينى ئىزدەپتۇ، لېكىن
تاپالماپتۇ.

بوۋاي گۈلنى سېتىپ بولۇپلا ئازراق ئوزۇق ـ تۈلۈك
ئېلىپ، قالغىنىغا زۇلخۇمارغا دورا ئېلىپ تۇپتوغرا ئۆيىگە
يېنىپ كەلگەنىكەن، ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا ئۆز كۆزىگە ئۆزى

ئىشەنمەي قاپتۇ: ئۇنىڭ ھويلىسى تامامەن گۈل - چېچەك-كە تولغان، بىرقانچە پەرى زۇلخۇمارنى ئورىۋېلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، زۇلخۇمارمۇ ئاغزىدىن دەس-تە - دەستە گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان، ئۇنىڭ كۆزىمۇ ئەسلىگە كېلىپ، چولپاندەك نۇر چېچىپ تۇرغان، ئۆزىنىڭ مومىيى بولسا، بىر قولىدا پىچاق تۇتقى-نىچە بىر بۇلۇڭدا تاشقا ئايلىنىپ قېتىپ قالغانىكەن.

بوۋاي ئەھۋالنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي، بۇ ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ؟ دەپ تۇرۇۋشىغا، زۇلخۇمار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇ-نىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، دوستلىرىغا تونۇشتۇرۇپ:

— مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئاتام مانا مۇشۇ! — دەپ-تىكەن، قىزلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بوۋايغا ئىللىق سالام قىلىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— سىڭلىمىزنى قۇزغۇن ئېلىپ قاچقاندىن بۇيان، ئۇنى ھەر كۈنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى. بۈگۈن يەنە مۇشۇ ئەتراپنى ئىزدەپ ھاۋانى كېزىپ يۈرگىنىمىزدە سىلى گۈل كۆتۈرۈپ مۇشۇ ھويلىدىن چىقىپ قالدىلا. بۇ گۈللەر پەقەت بىزنىڭ سىڭلىمىزنىڭ ئاغزىدىنلا تۆكۈلىدىغان، ئې-چىلىدىغان بولغاچقا، سىلى ئۇزاپ كېتىشلىرى بىلەنلا بۇ ھويلىغا ئۇچۇپ چۈشتۇق. ئەپسۇسكى، مومايلىرى سىڭلى-مىزنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ، ئۇنىڭغا پىچاق ئۇرماقچى بولۇپ تۇرۇپتىكەن، بىز ئۇنى دەرھال تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، سىڭلىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدۇق. سىلىگە رەھمەت،

لېكىن ئاياللىرىنى كەچۈرەلمەيمىز، — دېيىشىپتۇ.

بوۋاي ئاياللىنىڭ نېمە ئۈچۈن قاتىللىق قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پەرىلەر مومايىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىپتۇ. موماي قار - يامغۇر يىغلاپ، ئۆمىلەپ قوپۇپ، ئۇنچە - تىللا تولدۇرۇلغان ساندۇقنى ئاچقىپتۇ ۋە:

— ئەسلى مەن مۇشۇلارنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن پەيلىمنى بۇزغانىدىم، بۇنى قايتۇرۇپ بېرەي، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپ قىزلارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بوۋاينى ئىزدەپ يۈرگەن شاھ لەشكەرلىرى قورۇغا كىرىپ كەپتۇ ۋە شاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈپتۇ. قىزلار:

— سىلەر مېڭىۋېرىڭلار، بىز ھازىر بارىمىز، — دېيىشىپ، زۇلخۇمارنى كۆتۈرۈپ كۆككە پەرۋاز قىلىپ، ئاۋۋال زۇلخۇمارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا، ئاندىن شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. زۇلخۇمارنىڭ كىرگىنىنى كۆرگەن قوزغۇن قەپەستە تېپىرلاپ، كۆزلىرىدىن قان - ياش تۆكۈپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. زۇلخۇمار ئۆزى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاشۇ قوزغۇنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كەچمىشىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، قوزغۇننى يەرگە كۆمۈپ تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. شاھ قوزغۇننى دەرھال كۆمدۈرۈپ تاشلاپتۇ - دە، زۇلخۇمارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئۆز تەختىنى بوشىتىپ

بېرىپتۇ. زۆلخۇمارنىڭ دادىسى زۆلخۇمارنى قۇتقۇزۇۋالغان بوۋاينى ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ-دىن بۇيان باغلار، گۈلىستانلار گۈللەپ ـ ياشناپتۇ، ئەل پاراۋان بوپتۇ. زۆلخۇمار پەرى ھەدىلىرى بىلەن بىللە خۇ-شال ـ خۇرام ئويناپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

# كومۇلەك پالۋان

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىرلا قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ قىزىم زېرىكىپ قالىدۇ، دەپ بىر باغ ياسىتىپتۇ. بۇ باغقا ھەممە مېۋىلىك دەرەختىن تىكتۇرۇپ-تۇ، قىزىغا ھەمراھ بولۇش ئۇچۇن قىرىق كېنىزەك بەل-گىلەپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ھەر كۇنى باغدا ئوينايدىكەن، باغنىڭ سىرتىغا چىقمايدىكەن. قىز ئون سەككىز ياشقا كىرگەن چاغدا باغدىن چىقىپتۇ. پادىشاھنىڭ بېغى ئالدىدا بىر تۇل خوتۇن بار ئىكەن. ئۇ مەلىكىگە:

— پادىشاھنىڭ قىزى ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە بىر قېتىم شىكارغا چىقىش پەرز، قىزىم. سىزنىڭ يېشى-ڭىزمۇ بۇ يىل ئون سەككىزگە توشتى، — دەپتۇ.

مەلىكە ھېلىقى خوتۇننىڭ ئېيتقانلىرىنى ئانىسىغا ئېيتىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئانىسى:

— قىزىم، مەنغۇ قوشۇلىمەن، سىز بىزنىڭ يالغۇز قىزىمىز، دادىڭىز قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. دادىڭىزدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن شىكارغا چىقىڭ، —

دەپتۇ. مەلىكە ئانىسىغا:
— ئانا، ئۇنداق بولسا دادامغا دېسىڭىز، مېنىڭ شى-
كارغا چىقىشىمغا قوشۇلسا، — دەپتۇ. ئانىسى پادىشاھقا
دېگەنىكەن، پادىشاھ بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلماپتۇ. مەلىكە ئا-
نىسىغا يەنە يالۋۇرۇپ، دادىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ بېرىش-
نى سوراپتۇ. پادىشاھ ئاخىر قوشۇلۇپتۇ ھەمدە قىزىنىڭ
شىكار تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە شىكارغا
چىققاندا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن قىرىق كېنىزەك، قىرىق
مىڭ لاۋۇلەشكەر ۋە قىرىق قېچىر ئالتۇن - كۈمۈش تەي-
يارلاپتۇ ھەمدە باش ۋەزىرگە:
— مۇشۇ ئالتۇن - كۈمۈش تۈگىگۈچە قىزىمنى
سالامەت ئوينىتىپ قايتۇرۇپ كېلىڭلار، — دەپ يارلىق
چۈشۈرۈپتۇ.
مەلىكە قىرىق مىڭ لاۋۇلەشكەر، قىرىق كېنىزەك بى-
لەن يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپ ئۈچ كۈن بولغاندا، مەلىكە:
— توختاڭلار، مەن تەرەت سۇندۇرۇۋالاي، ئاندىن ما-
ڭايلى، — دەپتۇ - دە، بىر دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تە-
رەتكە ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئالەمنى قارا بوران قاپلاپ
كېتىپتۇ. ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان لاۋۇلەشكەر ۋە كېنى-
زەكلەرنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، مەلىكىنىمۇ تۈۋى يوق
قامغاقنى بوران ھەيدەپ كەتكەندەك، بىر تاغنىڭ تۈۋىگە ئا-
پىرىپ تاشلاپتۇ. بوران توختىغاندىن كېيىن مەلىكە كۆزى-
نى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرسا، تاغ باغرىدىن بىر توكۇر

ئېيىق ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن مەلىكە قورقۇپ كېتىپتۇ. قورقمىنىدىن، مەن نېمە ئۈچۈن شىد-كارغا چىققاندىمەن، چىقمىسام بوپتىكەن، دادام بارماڭ دې-سە ئۇنىماپتىمەن، دەپ كۆپ پۇشايمان قىپتۇ. توكۇر ئې-يىق ئادەمدەك زۇۋانغا كېلىپ:

— خۇدا بەندىسىگە مېھرىبان ئىكەن. مېنىڭ ئايالىم ئۆلۈپ كەتكىلى ئون ئىككى يىل بولغان، بالامۇ يوق، ئا-نامۇ، دادامۇ يوق. سىزنى بۇگۇن خۇدا نېسىپ قىپتۇ. ئىككىمىز بىللە ياشايدىغان بولدۇق، — دەپ مەلىكىنى ئۆڭكۈرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. مەلىكە ئۆڭكۈرگە كىرىپ قا-رىغۇدەك بولسا، ئۆڭكۈرنىڭ يېرىمى سۆڭەك، يېرىمى كونا تېرە بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن، سېسىقچىلىقتا ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدىكەن. مەلىكە:

— مەن مۇشۇ ئۆڭكۈردە ئولتۇرامدىمەن؟ — دەپتۇ. ئېيىق بولسا:

— ھە، بىزنىڭ تۇرار يېرىمىز مۇشۇ، — دەپتۇ.

— مەن بۇ ئۆڭكۈردە تۇرار بولسام، ئۆڭكۈردىكى تېرە ـ سۆڭەكلەرنى تېزدىن تازىلىۋېتەيلى، — دەپتۇ مەلىكە. ئې-يىق بىر كىچىك ئېيىققا:

— سەن بۇ نەرسىلەرنى تېزدىن يوقات ! — دەپ بۇي-رۇق چۈشۈرۈپتۇ. كىچىك ئېيىق ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ بىر پۇۋلىگەنىكەن، كونا تېرە ۋە سۆڭەكلەر ئۆڭكۈر سىر-تىغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپ، ئۆڭكۈر ئىچى پاكىز تازىلىد-

نىپ قاپتۇ. مەلىكە:

— ئەمدى كىگىز، يوتقان – كۆرپە، قازان – چۆمۈچ، ئاياق – قوشۇق، ئۆي سەرەمجانلىرىنى تېزدىن كەلتۈرسە- ڭىز، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ. توكۇر ئېيىق ئۆڭكۈر ئاغزىغا چىقىپ بىر تووۇلىغانىكەن، پۈتۈن ئېيىقلار ئۆڭكۈر ئاغزىغا يىغىلىپتۇ. توكۇر ئېيىق بىر بۆلۈك ئې- يىقلارنى ئوتۇنغا، بىر بۆلۈك ئېيىقلارنى قازان – قومۇچ، ئۆي سەرەمجانلىرىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مەلىكە ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئوچاق ساپتۇ. بىر ئاش پىشىم ئىچىدە ئېيىقلار ھەممە نەرسىنى تەييار قىلىپ كەپتۇ. مەلىكە تا- ماق ئېتىش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت ياققانىكەن، توكۇر ئېيىق قورقۇپ ئۆڭكۈر ئاغزىغا چىقىپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە:

— قورقماڭ، بىزنىڭ ئۆرپ – ئادىتىمىز مۇشۇ. بىز ھازىر تاماق ئېتىپ يەيمىز، — دەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا تو- كۇر ئېيىق ئۆڭكۈر ئاغزىدا مىدىرلىماي تۇرۇپتۇ. مەلىكە ئۇزۇپ تاشلاپ سۆيۈقئاش ئېتىپ، ئاشنى قاچىغا ئۇسۇپ:

— كېلىڭ، تاماق يەيمىز، — دەپتۇ.

— مەن يېمەيمەن، — دەپتۇ توكۇر ئېيىق.

— بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق، كېلىڭ، — دەپتۇ مەلىكە.

— تاماقنى ئوت قالاپ قىزىتىپ ئەتسەڭ، بۇنى قانداقمۇ ئېغىزغا ئالغىلى بولسۇن؟ ! — دەپتۇ توكۇر ئېيىق.

مەلىكە بىر قاچا ئاشنى ئۆزى ئىچىپ، بىر قاچا ئاش-

نى ئېيىقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئېيىق ئاشنى كۆ-
رۈپ كەينىگە يېنىپتۇ. مەلىكە بىر قوشۇق ئاشنى ئىچۈرۈپ
قويغانىكەن، ئاش ئېيىققا بەك تېتىپ كېتىپتۇ. توكۇر
ئېيىق، ئادەمزات دېگەن شۇنداق مەززىلىك تاماق بىلەن
غىزالىنىدىكەن ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپ ئاشنى ئىچىپتۇ. ئې-
يىق ئارقا ـ ئارقىدىن ئون سەككىز قاچا ئاش ئىچىپ:
«ئەمدى تويدۇم، بۇمۇ بولىدىغان نەرسىكەن» دەپتۇ.

ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. مەلىكىنىڭ
قورسىقىدا قاپتۇ. ئاي ـ كۈنى توشۇپ بىر بالا تۇغۇپتۇ.
بالىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە گەز، توغرىسى ئۈچ گەز ئىكەن.
بالا ئۆسۈپ يەتتە ياشقا كىرگەندە بالىنىڭ ئېگىزلىكى توق-
قۇز گەز، توغرىسى يەتتە گەز بوپتۇ. بالا بىر كۈنى ئانى-
سىدىن:

— ئانا، سىنىڭمۇ ئاناڭ، داداڭ بارمۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— ئانام بىلەن دادام بار، ئوغلۇم، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا مەن چوڭ ئانام بىلەن چوڭ دادامنى
بىر كۆرسەم، — دەپتۇ بالا.

— مېنىڭچە بولسا ئاپارغۇم بار، بىراق داداڭ ئۇنماي-
دۇ. مېنىڭمۇ ئانام بىلەن دادامنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى، —
دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا مەن دادامنى كۆندۈرەي. سەن ئوخ-
شىتىپ پولۇ ئەت، — دەپتۇ بالا. مەلىكە پولۇنى ئېتىپتۇ.

توكۇر ئېيىق شىكاردىن كەلگىلى ئاز قالغاندا، ئوغۇل ئۆچكۆر ئاغزىغا چىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. توكۇر ئېيىق تاغ-نىڭ باغرىغا كەلگەن ۋاقتىدا، مۇشۇ چاغقىچە «دادا» دەپ تونۇلاپ باقمىغان بالا:

— دادا، كەلدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان توكۇر ئېيىق خۇشاللىقىدىن:

— بالام، سەن نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ يۈگۈرۈپ كەپ-تۇ. ئېيىق بالىسى:

— سېنى بۈگۈن بەكمۇ سېغىندىم، دادام قايسى تە-رەپتىن كېلىدىكىن دەپ كۆزۈم تۆت بولدى، — دەپتۇ. توكۇر ئېيىق خۇشاللىقتا بالىسىنى كۆتۈرۈپ سۆيمەكچى بولغاندا، بالا دادىسىدىن يۈزىنى قاچۇرۇپتۇ. توكۇر ئېيىق:

— بالام، نېمانداق قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ بىر گېپىم بار، گېپىمگە ماقۇل بولساڭ، مەنمۇ سېنىڭ گېپىڭگە ماقۇل بولىمەن. ئالدى بىلەن غىزالىنايلى، ئاندىن دەيمەن، — دەپتۇ بالا.

— بالام، ئىككىمىز بىر لېگەندە ئاش يەمدۇق؟ — دەپتۇ توكۇر ئېيىق.

— ئىككىمىز بىر لېگەندە ئاش يېسەك، يا سەن تويـ-مايسەن، يا مەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئايرىم قاچىدا تاماق يەي-لى، — دەپتۇ بالا. ئۇلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، بالا دادىسىدىن سوراپتۇ:

— سېنىڭ ئاناڭ بىلەن داداڭ بارمۇ؟

— مېنىڭ ئانام بىلەن دادام بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، —
دەپتۇ توكۇر ئېيىق.

— ئانامنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى بارمۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ بالا.

— ئاناڭنىڭ ئانىسى ۋە دادىسى بار ئىكەن، لېكىن
قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ توكۇر ئېيىق.

— دادا، مېنى چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئانامغا كۆر-
سەتسەڭ، مەن سەندىن ئىنتايىن خۇرسەن بولاتتىم، —
دەپتۇ بالا.

توكۇر ئېيىق ماقۇل بوپتۇ. ئۈچ كۈن يول تەييارلىقى
قىلىپ، بىر خۇرجۇننىڭ بىر پېيىغا ئالتۇن، بىر پېيىغا
كۈمۈش قاچىلاپتۇ. مەلىكە خۇرجۇننى كۆتۈرۈپتۇ، توكۇر
ئېيىق بالىنى كۆتۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. تۇغۇلۇپ ئاند-
سىدىن باشقا ئادەمزاتنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ بالا چوڭ دادا
ۋە چوڭ ئانىسىنى كۆرۈش
خۇشاللىقىدا يولدا ئۇچرىغانلىد-
كى تاشلارنى ئېتىپ ئويناپ
مېڭىپتۇ. ئۇ ھەر يوغان قورام
تاشلارنىمۇ ئالما ئاتقاندەك
ئاسمانغا ئېتىپ يەنە تۇتۇۋې-
لىپ، يەنە ئېتىپ ئويناپ مې-
ڭىپتۇ. شۇ ئارىدا چوڭ بىر
قورام تاش توكۇر ئېيىققا



تېگىپ كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بالا شوخلۇق قىلىپ ئويناپ، دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. ئۇ ئا-نىسى بىلەن بىرلىكتە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مەلىكە يولدا ناھايىتى ھېرىپ كېتىپتۇ. بالا ئانىسىنى ھاپاش ئې-تىپ مېڭىپتۇ. شۇنداق كېتىۋاتسا، ئالدى تەرەپتىن بىر دەرەخزارلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار، ئاشۇ جايدا ئادەم بار ئوخ-شايدۇ، بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ دەم ئېلىپ ماڭايلى، دې-يىشىپ دەرەخزارلىققا كەپتۇ ۋە بىر تۈل خوتۇننىڭ سارد-يىغا چۈشۈپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، شۇ يەردىكى ھەممە ئادەم سەپ بو-لۇپ بىر يەرگە بېرىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ-تۇ. بالا بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. كىشىلەر: «بىز ھەر كۈنى سەپ بولۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ پادىشاھقا سالام بېرىپ كېلىمىز، كىم بارمىسا جاللاتلار كاللىسىنى ئالىدۇ» دەپتۇ. بالا ئەھۋالنى ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئانا - بالا ئىككىسى سەپكە قوشۇلۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپ قايتىپ كەپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ سالامدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، خانىشقا:

— بۈگۈن سالامغا، باشقا يۇرتلۇق بولسا كېرەك، بىر ئايال ۋە بىر بالا كەلدى. بىزنىڭ قىزىمىز بولغان بولسا شۇنچىلىك بولاتتى، ئەۋرىمىز بولسىمۇ شۇ ئايالنىڭ بالى-سىچىلىك بولاتتى، — دەپ خۇرسىنىپتۇ.

— ئەتە سالام بېرىش ۋاقتىدا مەنمۇ چىقىپ كۆرەي، — دەپتۇ خانىش.

ئەتىسى ئەتىگەندە خانىش پادىشاھ بىلەن بىرگە چىقىپ پادىشاھنىڭ تەختىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر نۆۋەت بىلەن كىرىپ سالام بېرىپ قايتىپتۇ. نۆۋەت مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا كېلىپ پادىشاھقا سالام بەرگەندە، خانىش تەخت كەينىدە تۇرۇپ قارىسا، ئۇ ئايال خانىشنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ. خانىش ئۇ ئايالنى چاقىرىپ:

— سىزگە ۋە ئوغلىڭىزغا چاي تەييارلىغانىدىم، بىردەم بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچسەك قانداق دەيسىز؟ — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ ۋە ئانا - بالا ئىككىسىنى داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ. داستىخان ئۈستىدە خانىش:

— سىز نەدىن كەلدىڭىز؟ يۇرتىڭىز نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن يۇرتۇمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن بىر پادىشاھنىڭ قىزى ئىدىم، يېشىم ئون سەككىزگە توشقۇچە باغدىن چىقماي ئۆيىندىم. بىر تۈل خوتۇننىڭ گېپى بىلەن شىكارغا چىقىپ، يولدا قارا بورانغا ئۇچراپ ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم... — دەپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى خانىشقا بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. خانىش ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ، ئاندىن:

— ۋاي، سىز مېنىڭ بالام ئىكەنسىز، بىز سىزنىڭ دەردىڭىزدە كۆپ يىغلاپ، ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماي،

ھەر كۈنى يۇرت خەلقىنى مۇشۇ جايدىن ئۆتكۈزۈپ كەل-
دۇق، لېكىن سىزنى تاپالمىغانىدۇق، — دەپتۇ. ئانا-
بالا، نەۋرە قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ. ئاندىن پادى-
شاھ كىرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قىزى ۋە نەۋرىسى بىلەن
يىغلاپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ: «بۈگۈندىن
باشلاپ يۇرت خەلقى سالامغا كەلمىسۇن» دەپ پەرمان چۈ-
شۈرۈپتۇ. نەۋرىسگە كومۇلەك پالۋان دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.
كومۇلەك پالۋاننى زېرىكىپ قالىدۇ دەپ، قىرىق بالىنى
ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغۇزۇپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە،
كومۇلەك پالۋان ئاغىنىلىرىنى ئېلىپ ئوينىغىلى سىرتقا
چىقىپ كېتىپتۇ.
شۇ كۈنى پادىشاھنىڭ چوڭ خاقانغا ئولپان تاپشۇرىدى-
غان كۈنى بولۇپ، خەزىنىدىن قىرىق قېچىرلىق ئالتۇن-
كۈمۈش تەييارلاپ: «ئەگەر ئولپاننى بۈگۈن تۆلىمىسەم، خا-
قان لەشكەر باشلاپ كېلىپ شەھىرىمنى ۋەيران قىلىۋېتى-
دۇ» دەپ ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرغانىكەن.
نەۋرىسى كومۇلەك پالۋان ئوينىغان يېرىدىن قايتىپ،
قىرىق ئاغىنىسى بىلەن ئوردا ئالدىغا كەلسە، بىرمۇنچە
كىشىلەر توپلىشىپ قالغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يېتىپ كېلى-
شىگە، پادىشاھ:
— بالام، مېنى خۇداغا ئامانەت دەپ ئۇزىتىپ قويغىن،
مەن ئەمدى يولغا راۋان بولمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ.
— دادا، نەگە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ كومۇلەك

پالۋان.

— بالام، بۈگۈن مېنىڭ يىللىق ئولپان تۆلەيدىغان كۈنۈم. بۈگۈندىن قالدۇرساق، خاقانىنىڭ ئىككى پالۋانى بار، بىرىنىڭ ئىسمى بوستان پالۋان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى سۆگەت پالۋان. ئۇلار يېتىپ كېلىپ يۇرتىمىزنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ. مەن خاقانغا ئولپان تاپشۇرغىلى باراي، — دەپتۇ پادىشاھ. كومۇلەك پالۋان:

— قېنى سىلەر، ۋەزىرلەر؟ — دەپ ۋەزىرلەرنى چاقىرتىپتۇ، ۋەزىرلەر بىردەمدىلا ھازىر بوپتۇ.

— مۇشۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى قايسى خەزىنىدىن ئالغان بولساڭلار شۇ خەزىنىگە ئەكىرىپ قويۇڭلار. ھەر يىلى قىرىق قېچىر ئالتۇن - كۈمۈشنى خاقانغا تۆلىسەڭلار، يۇرت خەلقىنى قانداق باققىلى بولىدۇ؟ ! ئولپاننىڭ جاۋابىنى مەن ئۆزۈم بېرىمەن. خاقانىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم باراي، — دەپتۇ كومۇلەك پالۋان.

— بالام، يالغۇز بارساڭ بولمايدۇ، قانچىلىك لەشكەر ئېلىپ بارىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ماڭا لەشكەرنىڭ كېرىكى يوق، مېنىڭ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا، — دەپتۇ كومۇلەك.

— بالام، سەن يالغۇز بالا، ئەسلىدە سېنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشقا بولمايتتى. بوستان پالۋان ۋە سۆگەت پالۋانلار تەڭدىشى يوق پالۋانلار، بەك پەخەس بول، ھەرگىز بىخۇدلۇق قىلما، — دەپ بېرىشقا رۇخسەت قىپتۇ

پادىشاھ.
شۇنىڭ بىلەن كومۇلەك پالۋان يولغا راۋان بوپتۇ. بوستان پالۋان، ئولپان بۈگۈن كەلمىدى، ئالدىغا باراي، دەپ ئۇمۇ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ: «ئەگەردە ئولپاننى تەييارلىمىغان بولسا، يۇرتىنى ۋەيران قىلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويمايدىغان بولسام» دەپ قەسەم قىپتۇ.
يول تەڭ بولغاندا، كومۇلەك پالۋان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بوستان پالۋان ناھايىتى ئېگىز، ئۇستىخانلىق بىر پالۋان ئىكەن. كومۇلەك پالۋان، بوستان پالۋان دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پالۋان، — دەپ سالام بېرىپتۇ. بوستان پالۋان كۆز چاناقلىرى قانغا تولۇپ:





— مېنىڭ يولۇمغا كاشىلا بولماي يىراق تۇر، ئادەم-نىڭ سايىسى، — دەپ كومۇلەك پالۋاننى ئىتتىرىپتۇ، لېكىن كۈچى يەتمەپتۇ، ئىككى قوللاپ ئىتتىرىپتۇ، مىدىرلىتالماپتۇ. كومۇلەك پالۋان، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەل-دى، دەپ بوستان پالۋاننى دەس كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئايلان-دۇرۇپ چۆرگىلىتىپتۇ. بوستان پالۋان قورققىنىدىن:

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، مېنى هايات قوي-ساڭ، خىزمىتىڭگە تەييارمەن، — دەپ يېلىنىپتۇ. كومۇ-لەك پالۋان: «خەير، بوپتۇ» دەپ ئۇنى ئاستا يەرگە قويۇپ-تۇ. شۇ چاغدا سۆگەت پالۋان كېلىپ قاپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دەپتۇ كومۇلەك پالۋان.

— يولۇمغا كاشىلا بولماي يىراق تۇر ! — دەپتۇ سۆگەت پالۋان ۋە كومۇلەك پالۋاننى يولنىڭ سىرتىغا ئىت-تىرىپتۇ. كومۇلەك پالۋان ئاچچىقىدا سۆگەت پالۋاننىڭ بېلىدىن تۇتۇپ دەس كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپتۇ.

— ۋايجان، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، مېنى هايات قويساڭ، خىزمىتىڭنى قىلسام، — دەپ يېلىنىپتۇ سۆگەت پالۋان. كومۇلەك پالۋان: «مەيلى، خەير» دەپ سۆگەت پالۋاننى ئاستا يەرگە قويۇپتۇ. بوستان پالۋان ۋە سۆگەت پالۋان ئىككىسى تىزلىنىپ: «بىز بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىمىز» دەپ قەسەم قىپتۇ. بۇ ئۈچ پالۋان بىرلىكتە كومۇلەك پالۋاننىڭ چوڭ دادىسىنىڭ شەهرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

پادىشاھ نەۋرىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان مەزگىلدە، كىشىلەر يولغا قاراپ، يىراقتىن ئىككى ئېگىز پالۋاننىڭ قارىسىنى كۆرۈپ پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ: «مېنىڭ بالامنى مۇشۇلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ھەممە كىشى يىغا - زار قىلىشىپتۇ. كومۇلەك پالۋان، شەھەر ئىچىدە يەنە نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ دەپ، ھەيرانلىقتا ئوردا ئالدىغا يېتىپ كەلسە، پادىشاھ نەۋرىسىنى كۆرۈپ:

— بالام، سېنى بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتۇق، سەن بار ئىكەنسەن، جانجىگىرىم، — دەپ نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىپتۇ.

كومۇلەك پالۋان يولدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى چوڭ دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، بوستان پالۋان، سۆگەت پالۋانلارغا چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ:

— ئوغلۇم، مەن ياشىنىپ قالدىم، بۈگۈندىن باشلاپ پادىشاھلىق تەختىدە سەن ئولتۇرغىن، — دەپ، پادىشاھلىقنى كومۇلەك پالۋانغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى يۇرت - خەلققە جاكارلاپتۇ.

كومۇلەك پالۋان پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، بوستان پالۋاننى ئوڭ قول ۋەزىر، سۆگەت پالۋاننى سول قول ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ ۋە ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرت خاقانغا ئولپان تاپشۇرمايدىغان بوپتۇ.

# ئەرادىلىك ئاتا-بالا

بۇرۇنقى زاماندا تەكلىماكاننىڭ يۇقرالىرى ناھايىتى باياشات، پادىشاھلىرىنىڭ ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق ئىدى. لېكىن ھەر ۋاقىت بوران چىقىپ يۇرتقا بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى خانىۋەيران قىلىدىكەن. كىشىلەر ئارىسىدا بوراننى كۆھىقاپتىن چىقىدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە بۇ يۇرتنىڭ چىرا دېگەن يېرىدىن بىر پالۋان كۆھىقاپقا قارشى ئۇرۇش قىلغىلى مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى يەڭگىگىنىگە ئەمدىلا بىرنەچچە ئاي بولغانىكەن. بالا ئوغۇل بولۇپ ناھايىتى تېز چوڭىيىشقا باشلاپتۇ. پالۋان كۆھىقاپقا قارشى ئۇرۇشقا مېڭىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ تونىنىڭ ئوڭ كۆكسىگە مۆھرىنى بېسىپ ئوغلىغا قالدۇرۇپتۇ ۋە: «ناۋادا قايتىپ كېلەلمىسەم، چوڭ بولغاندا مېنى ئىزدىسۇن» دەپتۇ. يۇقرالار پالۋانغا ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوللۇق تۇتۇپتۇ. پالۋان بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپىنى ئوغلىغا قالدۇرۇپ، ئازراق بىر قىسمىنى ئېلىپ، تۇلپارىغا مىنىپ، شەمشىرىنى

ئېلىپ، چويۇندىن كەش، تۆمۈردىن ھاسا، پولاتتىن قىلىچ ياساتقۇزۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. يول مېڭىپ چارچىمىغۇ توختىماي ئاسمانغا تاقاشقۇدەك تاغلاردىن ئېشىپ، كۆڭ نۇرى چۈشمەيدىغان ئورمانلارغا كىرىپتۇ. ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆز يۇرتىدىن بىرنەچچە يىللىق يىراقلى- شىپ بىر سازلىقتا كېتىۋاتسا، ئالدىغا تولىمۇ قېرى، ئاپ- تاپتا كۆيۈپ چىرايى قاپقارا بولۇپ كەتكەن بىر كىشى ئۇچراپتۇ ۋە: «مېنى ئېلىۋالساڭ پايدا تاپىسەن، ئېلىۋالمى- ساڭ زىيان تارتىسەن» دەپ پالۋانغا يېلىنىپتۇ. پالۋان بۇ كىشىگە ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە قېرى كىشىكەن، ئېلىۋالسام ئېلىۋالاي دەپ، ئۇ كىشىنى بويىنىغا مىندۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. دەسلەپتە ئۇ كىشى ناھايىتى يېنىك تۇيۇلۇپتۇ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇ ئېغىرلىششقا باشلاپتۇ. يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلىششقا باشلاپتۇ، ئۇ ئەسلىدە رودۇپاي ئىكەن. پالۋان بويىندىن ئېلىۋېتەي دېسە رودۇپاي چىڭ يېپىشىۋاپتۇ. پالۋاننىڭ پۇتلىرى تې- لىپ بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. رودۇپاي بۇ يەردە چۈشۈۋاپتۇ ۋە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پالۋان رودۇپايدىن قۇتۇلۇپ دەريانىڭ ئۇ چې- تىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئۈزىنى ئېتىپتۇ. دەريانىڭ قاپ ئوت- تۇرىسىغا كەلگەندە ھالى قالماپتۇ، شۇنداقتىمۇ غەيرەتلى- نىپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا بىر قىزىلگۈل ئېقىپ كەپتۇ. پالۋان گۈلنى تۇتۇۋېلىپ شۇنداق پۇرىغانىكەن، روھى

كۆتۈرۈلۈپ تېنىگە كۈچ - قۇۋۋەت قوشۇلۇپتۇ، دەريادىن ئۆتۈپتۇ. گۈلنى پۇراپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا ناھايىتى چوڭ بىر مەخلۇق ئۇچراپتۇ. پالۋان بۇ مەخلۇقنىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، مەخلۇق كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە:

— كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن ئادەمزات، سەن قانداق مەخلۇق؟ — دەپ سوراپتۇ پالۋان.

— مەن دىۋە، بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ دىۋە.

— كۈھىقاپقا قارشى جەڭ قىلىپ، بورانىنى توختىتىش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ پالۋان. دىۋە پالۋاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە پالۋاننىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋاپتۇ، پالۋان ھوشىدىن كېتىپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، پالۋان ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا قاپقاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ياتقۇدەك. پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ، ئۇزۇن يۈرگەندىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ كېلىشىگە ھېلىقى مەخلۇق پالۋاننى كۆرۈپ قېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى چوڭ قورام تاشلار بىلەن ئېتىپتۇ.

— بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئوتتۇز توققۇز ئادەم تۇتقاندىم، سەن بىلەن توپتوغرا قىرىق بولدى. زىخ قىزدىتىپ بەدىنىڭنى زىخقا سانجىپ يەم قىلىمەن، شۇ ۋاقىتتا

كۆھىقاپنىڭ بورىنىنى توختىتارسەن، — دەپتۇ ئۇ ۋە نا-
ھايىتى ئۇزۇن قىرىق زىخنى ئوتقا تاشلاپ قويۇپ، ئىككى
قولىنى چېكىسىگە قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. پالۋان ئۆڭ-
كۈر ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوتتۇز توققۇز تۇتقۇننى
تېپىپتۇ ۋە:

— ھەممىمىز بۇ مەخلۇقنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەت-
كۈچە بىزمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قو-
يايلى ! — دەپتۇ. تۇتقۇنلار بۇ سۆزگە قوشۇلۇپتۇ، شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار دىۋىگە تۇيدۇرماستىن ھەربىرى بىردىن زىخنى
ئېلىپ، بىرى دىۋىنىڭ كۆزىگە، بىرى قۇلىقىغا، بىرى مې-
ڭىسىگە سانجىپتۇ. دىۋىنىڭ ئوڭ قولىغا زىخ سانجىلغاچقا،
سول قولىنى پۇلاڭلىتىپ قورام تاشلارغا ئۇرۇپتۇ. تاشلار
دومىلىنىپ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار چىقىپتۇ. دىۋە ئاخىر
جان تالىشىپ مىڭ تەسلىكتە ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر ئۆلۈمدىن
قۇتۇلۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاشلارنى ئېلىپ،
ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

پالۋاننىڭ ئۆيىدىن چىققىنىغا نەچچە قىش، نەچچە
يازلار بوپتۇ، چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپتۇ، چويۇن كەش
تېشىلىپتۇ، ھاسا ئۇپراپ يېرىمى قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ
«يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەندەك،
پالۋان ئەل ئۇمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز
توختىماي يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەنسېرى بورانمۇ كۈچىيىپتۇ،
پولات ھاسا، چويۇن كەشلەر ئۇپراپ پۈتۈنلەي قالماپتۇ.



پالۋان تەندە جانىنىڭ ئاز
قالغىنىغا قارىماي يول
يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ،
كۆھىقاپقىمۇ يېتىپ كەپ-
تۇ ۋە بورانىنىڭ قاتتىق
چىققان يېرىگە ئىچكىرىد-
لەپ كىرگەنسېرى قاپقارا
ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ بوران بىلەن قوشۇلۇپ چوڭ تاشلارنى
ئۇچۇرۇپ پالۋاننىڭ بەدەنلىرىنى زەخىملەندۈرۈپتۇ. شۇنداق-
تىمۇ پالۋان ئاخىر بىر كۆلگە يېتىپ كەپتۇ. كۆلنىڭ
ئەتراپى ئالتۇن بىلەن قاشالانغان، قاشالارنىڭ ئەتراپىدا
ئالتۇنلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان. پالۋان بۇ غەلىتە
ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ قاتتىق چاڭقاپ كەت-
كەنلىكتىن كۆلنىڭ سۈيىنى قانغۇچە ئىچىپ بولۇپ سۇغا
چۆمۈلۈپتۇ، سۇغا چۆمۈلۈپ بولغاندا ئۆيدىن چىققان دەس-
لەپكى يىگىتلىك ھالىتىگە قايتىپ، ناھايىتى كۈچلىنىپ



كېتىپتۇ. بۇ كۆل ئەسلىدە ئادەم ياشارتقۇچى ۋە ساقايمىغان كېسەللەرنى ساقايتقۇچى خاسىيەتلىك كۆل ئىكەن. ھۆر - پەرىلەرمۇ شۇ جايدا سۇغا چۆمۈلىدىكەن. پالۋان كۆلدىن چىقسا، ئالدىغا تەكىيدەك بىر نەرسە دومىلىنىپ كەپتۇ - دە، يۇقىرى - تۆۋەن ئۆرلەپ پالۋانغا ئېتىلىپتۇ. پالۋان شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ بۇ نەرسىنى چاپاپتۇ، لېكىن شەمشىرى ئۆتمەپتۇ. غەزەپ بىلەن يەنە چانىغانىكەن، ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپتۇ ۋە ئىچىدىن ئىس كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىس ئىچىدىن بىرنەچچە دىۋە چىقىپ پالۋانغا ئېتىلىپتۇ. پالۋان ئۇلار بىلەن ئېلىشىپتۇ، تۆت كېچە - كۈندۈز ئېلىشقاندىن كېيىن دىۋىلەردىن ئىككىسى قاپتۇ. پالۋاننىڭ بېشى يارىلىنىپ، قول - پۇتلىرى زەخملىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆلگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىككى دىۋە بىلەنمۇ ئېلىشىپ ئۇلارنى يوقىتىپتۇ. قارا ئىسلار يوقىلىپتۇ، بوران پەسىيىپتۇ. پالۋان تەكىيدەك نەرسىنى چاناپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىپتۇ. پالۋان كۆل ئەتراپىدىكى ئالتۇنلارنى نەچچە يىللىق يىراقلارغا ئېتىپتۇ (ھازىر شۇ ئالتۇنلار چۈشكەن جايدىن ئالتۇن كانلار چىقىدىكەن). پالۋان بۇ ئىشلارنى قىلىپ، ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا مەمنۇن بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولغاندا، كۆكتىن نۇرغۇنلىغان پەرىلەر ئۇچۇپ كۆل ئەتراپىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار پالۋاننى ئارىغا ئېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ پالۋانغا تەشەككۇر

ئېيتىپتۇ. پالۋاننىڭ كۆڭلىگە شۇئان ئۆز ئۆيى، ئوغلى، خوتۇنى كەپتۇ ۋە ئوغلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھازىر قانچىلىك بولغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ، پەرىلەرنىڭ ئۇسسۇللىرىغا قارىمايلا ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ. پەرىزاتلاردىن بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆلنىڭ سۈيىدىن ئالتۇن قاپاقتا قاچىلاپ يوللۇق تۇتۇپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى پالۋاننىڭ خوتۇنى ۋە ئوغلىدىن ئاڭلايلى:

پالۋاننىڭ خوتۇنى پالۋان سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئېيتقان نەسىھەتلىرى بويىچە ئوغلىدىن ياخشى خەۋەر ئاپتۇ. ئوغۇل تېز چوڭ بوپتۇ ۋە قەيەرگە بارسا كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ، ھۆرمەتلەپتۇ، بالاغەتكە يەتكۈچە ئۇستىخانلىرى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭىيىپتۇ. ئۇ كۆزىدىن بىر خىل ئالاھىدە نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، خۇشخۇي، كۈچلۈكلۈكتە شىر بىلەن ئېلىشالايدىغان يىگىت بوپتۇ، ھەر كۈنى بىكار ۋاقىتلىرىدا ئىككى قولىغا تۈگمەن تېشىنى ئېلىپ ئوينايدىكەن، ئۆيدە يوق نەرسىلەرنى تېپىپ مۇشكۈلنى ئاسان قىلىپ، ئانىسىنىڭ كۆپ قېتىم رەھمىتىنى ئاپتۇ. لېكىن، بورانىنىڭ دەستىدىن قۇملار ئۇچۇپ كېلىدۋېرىپ شەھەرنى بېسىپ، كىشىلەرنى ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىپتۇ. پالۋاننىڭ خوتۇنى ۋە ئوغلى بوران ئازراق چىقىدىغان بىر دەريانىڭ بويىغا كۆچۈپ بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. پالۋاننىڭ ئوغلى بىر كۈنى ئانىسىدىن:

— ئانا، ئېيتقىنا، مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كەتكەنمۇ ياكى هاياتمۇ؟ هايات بولسا قەيەردە؟ ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا قەبرىسى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى بوران توختىمىغان بولغاچقا هېچ نەرسە دېيەلمەپتۇ ۋە پالۋاننىڭ كۆھىقاپقا قارشى ماڭغانلىقىنىمۇ ئېيتماپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئوغۇل دەريا بويىغا چىقىپ، ئىككى قولىغا ئىككى تۆگمەن تېشىنى ئېلىپ پىرقىرىتىپ - چۆرگىلىتىپ ئويناۋاتقاندا، سول قولىدىكى تۆگمەن تېشى قولىدىن چىقىپ كېتىپ دەريا بويىدا سۇ ئېلىۋاتقان موماي تەرەپكە قاراپ دومىلاپتۇ، ئوغۇل يۈگۈرۈپ بېرىپ تاشنى تۇتۇۋالغۇچە، سۇ توشقۇزۇپ قويغان قاپاقنى يانجىۋېتىپتۇ. موماي قېچىپ ئاران جان قۇتقۇزۇپتۇ. ئوغۇل مومايدىن ئەپۇ سوراپ بولغۇچە موماي:

— «ئاتىسى يوقنىڭ بېشى چوڭ» دېگەن شۇ - دە، ئانىسى بۇيرۇغان ئىشنى قىلماي قاپىقىمنى يانجىۋەتكىنىنى، هارامى! — دەپتۇ - دە، ساق قالغان يەنە بىر قاپىقىنى ئېلىپ ئاستا كېتىپ قاپتۇ. مومايىنىڭ بۇ سۆزى ئوغۇلغا تولىمۇ ئېغىر كەپتۇ. يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كېلىپ ئانىسىدىن:

— مېنىڭ ئاتام بارمۇ، يوق؟ — دەپ ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يىغلاپ سوراپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئاخىر:

— تالاغا چىقىپ كىشىلەردىن سورىغىن، — دەپتۇ.

ئوغۇل ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتسا ئالدىغا بىر بوۋاي

ئۇچراپتۇ. ئوغۇل ئۇنىڭدىن:

— بوۋا، مەن سىزدىن بىر سوئال سورىماقچىمەن، جاۋاب بېرەمسىز؟ — دەپتۇ. بوۋاي ئوغۇلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ توختاپتۇ ۋە:

— قانداق سوئالىڭ بولسا ئېيت، ئوغلۇم، بىلىشىمچە جاۋاب بېرىشكە مەن تەييار، — دەپتۇ.

— سىز بىلىسىڭىز كېرەك، مەن ئانامدىن سورىسام ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. مېنىڭ ئاتام بارمۇ، يوق؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي ئوغۇلنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ:


— ئوغلۇم، سېنىڭ ئاتاڭ بار، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، ئۇ هايات، — دەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئوغۇل سۆزنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۆيىگە قايـ-تىپ كىرىپتۇ. بوۋايمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرگە كىرىپـ-تۇ. يىگىت ئانىسىغا:

— ئانا، مەن ھەممە ئىشنى ئۇقتۇم. مەن ئاتامنى ئىزدەيمەن، ئاتامنىڭ ئىزىنى باسىمەن، — دەپ ئانىسىغا يالۋۇرۇپتۇ.

— ئوغلۇم، ئاتاڭنى ئىزدەش، ئىزىنى بېسىش سېنىڭ بۇرچۇڭ، ساڭا ئاقيول تىلەيمەن، — دەپتۇ ئانىسى، پالۋاز-نىڭ سەپەرگە چىقىش ئالدىدا قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئوغـ-لىغا ئېيتىپ ۋە ئاتىسى قالدۇرۇپ كەتكەن توننى كىيدۈ-رۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇل ئاتىسىنى ئىزدەپ كۆھقاپقا

قاراپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ. ھېلىقى بوۋاي ئوغۇلغا بىر شەمشەر يوللۇق تۇتۇپتۇ. ئوغۇل بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئانىسىغا نۇرغۇن ئوتۇن ئەكىلىپ بېرىپ ئاندىن يولغا چىقىپتۇ. ئوغۇلنىڭ كۇھقاپقا قارشى ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر تەرەپ - تەرەپلەردىن كېلىپ ئوغۇلغا يوللۇق تۇتۇشۇپتۇ. بىرمۇنچە يىگىتلەر ئوغۇل بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. ئوغۇل قاۋۇل يىگىتلەردىن ئالتىسىنى تاللاپ، ئۆزى بىلەن يەتتە كىشى بولۇپ، يۇرت خەلقى بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئوغۇلنىڭ سەپەرگە ئاتلانغان ۋاقتى ئاتىسىنىڭ يولغا چىققان كۈنگە توغرا كەپتۇ.

ئوغۇلمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەر-



نى تارتىپ يول يۈرۈپتۇ، يېمەك - ئىچمەكلىرى تۈگەپتۇ، ئورمانلىقلارغا كەلگەندە ياۋايى هايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ يەپتۇ، بىرنەچچە يىل يول يۈرۈپ ئاخىر بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ چىشىدىن باشقا يېرى قارا ئىكەن. بۇ كىشىلەر يەتتە يىگىتنى كۆرۈپ، هەيرانلىق بىلەن قارىشىپتۇ. يىگىتلەر شەھەردىن كېسىپ ئۆتۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بۇ مۇنار پادىشاھنىڭ شەھەر خەلقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇنارىسى ئىكەن. پادىشاھ شەھەر خەلقىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئۆز ئادەملىرىگە ئوخشىمايدىغان يەتتە يىگىتنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە نۆكەرلىرىگە يىگىتلەرنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئون نەچچە نۆكەر ئۇلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. يىگىتلەر تەكلىپنى قوبۇل كۆرمەي ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يەنە بىرنەچچە ئون نۆكەرلىرىگە يىگىتلەرنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. نۆكەرلەر يىگىتلەرنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇشۇپتۇ. يىگىتلەر نۆكەرلەرگە تۇتۇق بەرمەي ئېلىشىپ هەممىسىنى يەر چىشلىتىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ، يىگىتلەرگە قارىتىپ ئوقيا ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىتلەر بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز كېتىۋاتقاندا ئوقيا ئوقلىرى سانجىلىپ ئۇلارنى يىقىتىپتۇ. پادىشاھ يەنە نۆكەرلىرىگە بۇيرۇپ يى-

گىتلەرنى ئوردىغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ شەمشەرلىرىنى ئېلىپ تەختىنىڭ تورۇسىغا ئاستۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى زىندانغا تاشلاتقۇزۇپتۇ. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىگىتلەرنىڭ يارىسى ساقىيىپ ئەسلىگە كەپتۇ ۋە مەسلىھەتلىشىپ زىنداندىن قاچماقچى بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار بىر كۈنى تاڭ ئېتىشقا يېقىن زىنداندىن قېچىپ چىقىپ شەمشىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن پادىشاھ ئوردىسىغا كەپتۇ ۋە شەمشىرىنى ئېلىپ تېخى ئوردا سىرتىغا چىقمايلا ئارقىدىن نۆكەرلەر قوغلىشىپ چىقىپتۇ. يىگىتلەر نۆكەرلەر بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر تۈمەنلىگەن نۆكەرلەر ئارىسىدا قورشاۋدا قاپتۇ. پالۋاننىڭ ئوغلى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ ياندىكى تامدىن بىر سەكرەپلا چارباغ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. بۇ دەل مەلىكە چارباغدا سەيلە قىلىپ يۈرگەن ۋاقىت ئىكەن. مەلىكە يىگىتنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە تېخى گەپ سورىماستا، نۆكەرلەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپتۇ.

ــ ئۇلار مېنى تۇتماقچى، ــ دەپتۇ يىگىت.

مەلىكە يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنى دەرھال يوشۇرۇپتۇ... شۇئان نۆكەرلەر چارباغ ئىچىگە كىرىپتۇ. مەلىكە بۇ يەرگە ئادەم كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇلارنى يولغا سېپتۇ. ئاندىن يىگىتنى يوشۇرۇپ قويغان جايىدىن چىقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:


ئەي باتۇر قىران يىگىت،
ئۆز يۇرتۇڭ قايان يىگىت؟
ئاڭلاشقا رايىڭ بولسا،
قىلاي سۆزۈم بايان، يىگىت.

بولما بۇنداق ئاۋارە،
چارباغنى سەيلە قىل.
قىلاي كۆڭلۈم ئاشكارا،
سەنمۇ بۇندا ئوينا ـ كۈل.

مەن سېنىڭ يارىڭ بولاي،
سىرداش دىلدارىڭ بولاي.
گەر بولسا باشقا سۆيگۈنۈڭ،
جابدۇپ سېنى يولغا سالاي.

يىگىت مەلىكىنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ سەپەرگە چىدىغۇچىلىكى، ۋە ئۆز يولىدىن مەڭگۈ قايتمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە سۆز قىلماپتۇ ۋە يىگىتنى جابدۇپ، چىرايىنى قارا نىقابلاپ، مەيگە چىقىرىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ مەيدىن چۈشۈرۈپتۇ. يىگىت مەلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ، خوشلىشىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يىگىت چوققىسى ئاسمانغا تاقاشقان تاغ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە تاغقا يامىشىپ توقسان توققۇز قېتىم


دومىلاپ چۈشۈپ، يۈزىنچى قېتىمدا ئاخىر تاغقا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يايلاقلاردا ئوتلار ئۆسۈپ كەتكەن، لېكىن بىرەر ئۇچار قۇش ياكى بىرەر ھايۋانمۇ كۆرۈنمەپتۇ. يىگىت بىر ئاز ئەجەبلىنىپ، يەنە بىر ئاز يول يۈرگەندىن كېيىن نۇرغۇن ئۆيلەر بار بىر جايغا كەپتۇ، ئۆيلەرنى ساناپ باقسا



توپتوغرا قىرىق ئۆي ئىكەن، لېكىن ھېچقايسى ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن. توساتتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالدىغا بىر ئوت ئۆچۈپ چىقىپتۇ - دە، يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئايلىنىپ يىگىتكە ئېتىلىپتۇ. يىگىت شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر ئالتە بېشىنى چېپىپتۇ. يالماۋۇز يىگىتكە كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى پەملەپ قاچماقچى بوپتۇ. يىگىت شەمشىرىنى غەزەپ بىلەن ئۇرغانىكەن، يالماۋۇزنىڭ ئاخىرقى بېشى ئىككى پارچە بوپتۇ ۋە قىرىق ئالتۇن ئاچقۇچ يەرگە چۈشۈپ قاپتۇ. يىگىت ئاچقۇچلارنى ئېلىپ ئىشىكلەرنى بىر - بىرلەپ ئاچقانىكەن، بىرىدە ئالتۇن، بىرىدە كۈمۈش، بىرىدە كىيىم - كېچەك، يەنە بىرىدە يېمەكلىك، يەنە بىرىدە ھەرخىل قۇشلار بار ئىكەن. يىگىت ئوتتۇز توققۇزىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىسا ئۆيدە توققۇز پەرىزات ئولتۇرغۇدەك. يىگىت ئۇلارنى ئازاد قىپتۇ. قىزلار يىگىتكە يالماۋۇزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا سالغان زۇلۇملىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى بۇ زۇلۇملاردىن قۇتقۇزغانلىقى ئۈچۈن يىگىتكە كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپتۇ. يىگىت ئەڭ ئاخىرقى قىرىقىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقانىكەن، ياغاچ ئاتلارنى كۆرۈپتۇ، ئاندىن كېيىن ئاچقۇچلارنى پەرىلەرگە بېرىپ يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. شۇئان توققۇز پەرىزات ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپ-



تۇ. پەرىزاتلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:



قۇشقا جۈپ قانات كېرەك،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچماق ئۈچۈن.
ئادەمگە ئادەم كېرەك،
نۇسرەت - زەپەر قۇچماق ئۈچۈن.

سىز بىلەن بىرگە بولۇپ،
ئاتىڭىزنى ئىزدەيلى.
ياغاچ ئاتنى ئېلىپ كېلەي،
ئاڭا بىللە مىنەيلى.

بۇ پەرىزات رەڭ بىلەن نۇردىن تۆرەلگەن بولۇپ، شۇنداق كېلىشكەنكى، ئۇنى «ئەڭ گۈزەل» دەپ تەسۋىرلىد-

سىمۇ، تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك، تاۋارغا تاغار بىلەن ياماق سالغاندەك بىر ئىش بولىدىكەن. ئۇ پەرى ھازىرغا قەدەر ئۆزىگە ئەركەك چىۋىننىمۇ قوندۇرمىغانىكەن، لېكىن يىگىتنىڭ پالۋانلىقى، ئىرادىلىكلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇ-نىڭ ھىجران ئېتىزلىقىغا يىگىتنىڭ قىزىلگۈلدەك قامىتى يىلتىز تارتىپتۇ. يىگىت پەرىنىڭ گۈزەللىكىگە، ئېيىتقاندا-لىرىنىڭ ھەقلىقىغا قايىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز بۇرچىنى ئويلاپ ھېچنېمە دېمەي يولىغا راۋان بوپتۇ. كې-چىك پەرىزات ئۇچىدىغان ياغاچ ئاتنى ئېلىپ باشقا پە-رىزاتلار بىلەن خوشلىشىپ، يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ-تۇ. باشقا پەرىزاتلار يىگىتنىڭ كەتكىنىنى كۆرۈپ داغدا قاپتۇ. يىگىت پەرىزاتنى ئويلاپ كېتىۋاتقىنىدا، پەرىزات ياغاچ ئات بىلەن ئۇچۇپ كەپتۇ ۋە ياغاچ ئاتنىڭ سول قۇلىقىنى تولغاپ يەرگە قونۇپتۇ ـ دە:

— قۇشلارغا جۇپ قانات كېرەك، پەرۋاز قىلىپ ئۇچ-ماق ئۇچۇن. ئادەمگىمۇ ئادەم كېرەك، نۇسرەت ـ زەپەر قۇچماق ئۇچۇن، — دەپتۇ، ئاندىن «ياغاچ ئاتقا مىنىڭ» دەپتۇ. يىگىت ياغاچ ئاتقا مىنىپ پەرىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇ-زۇپتۇ. يىگىت ياغاچ ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى تولغىغانىكەن، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار بىر يىللىق يولنى بىر كۈندە بېسىپ، كەچ بولغاندا بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە شۇ يەرگە چۈشۈپتۇ. بۇ دەريا پالۋاننىڭ رودۇپايدىن قۇتۇل-غان جايى ئىكەن. يىگىت بىلەن پەرىزات شۇ يەرگە گۈلخان

يېقىپ ئۇزۇنغىچە مۆگدىشىپ ئۆز ئىشقىنى بايان قىلىشىپتۇ. ئاندىن ئۇلار يەرنى سىلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن تولۇن ئاي خىجىللىقتىن بۇلۇتلار ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ جۇپلەشكەن شولىسى سۇ يۈزىگە چۈشكەندە، يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ چۈشىدە مۇنداق ئىش ئايان بوپتۇ: پالۋان ۋە خوتۇنى بىر توپ كۆچەت تىككەن، ئۇزۇن ئۆتمەي پالۋان سەپەرگە چىقىپ كەتكەنمىش. كۆچەت چوڭ بولۇپ مېۋە بەرگۈدەك بولغاندا، خوتۇنى پالۋاننى ئىزدەپ يولغا چىققانمىش. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بىر تاغقا چىققاندا، كۆكتىن بىر جۈپ قىزىلگۈل كۆچىتى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلار تىككەن كۆچەتنىڭ يېنىغا تىكىلگەنمىش ۋە ئۇلارنىڭ شاخلىرى بىر - بىرىگە جۈپلەشكەنمىش...

پالۋان ئويغىنىپ كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ئوغلىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ يولغا چىققانلىقىنى ۋە ئۆزىگە لايىق تاپقانلىقىنى قىياس قىپتۇ. پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

پالۋاننىڭ خوتۇنى كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ئوغلىنىڭ ئاتىسىنى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە لايىق تاپقانلىقىنى قىياس قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىغا، ئىبرىگە ئامان - ئېسەنلىك تىلەپتۇ. بۇ چاغدا پالۋاننىڭ دىۋىلەرنى يوقىتىپ، بوراننى توختىتىپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا

چىققىنىغا بىرنەچچە يىل ۋاقىت بولغانىكەن.
يىگىت بىلەن پەرىزات ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە ئاي ئۇچۇپ كۆھـ-قاپقا يېتىپ كەپتۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ئالامەتلەردىن پالۋاننىڭ ئاللىبۇرۇن كۆھىقاپنى بويسۇندۇرغانلىقىنى بى-لىپ، ئۇ يەرنى كۆپ ئىزدەپ پالۋاننى تاپالماي يېنىشىپتۇ. پەرىزات يولدا كېتىۋېتىپ يىگىتكە ئۆزىنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى، تۇغۇشقا ئاز ۋاقىت قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت پەرىزاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنى پەرىلەرنىڭ يې-نىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە شۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى يەنە ئالتە ياغاچ ئاتنى بىر - بىرىگە چېتىپ، تاغدىن چۈشۈپ ئۆزى بىلەن بىرگە يولغا چىققان ئالتە يىگىتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئۇ ئۆزلىرى دەسلەپ تۇتۇلۇپ قالغان شەھەرگە كەپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئالتە يىگىت زىنداندىن قېچىپ نۆكەرلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقانىكەن. يىگىت شەمشى-رىنى ئېلىپ نۆكەرلەردىن بىرنەچچىسىنى چېپىپتۇ ۋە ئالتە يىگىتكە: «چاپسان ياغاچ ئاتقا مىنىڭلار، ئوڭ قول-قىنى تولغاڭلار» دەپتۇ. يىگىتلەر ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئوڭ قۇلىقىنى تولغىغانىكەن، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كې-تىپتۇ. نۆكەرلەر ھاڭ - تاڭ بولۇپ قارىشىپ قاپتۇ. يى-گىت قالغان ئالتە يىگىت بىللە ئاتىسىنى ئىزدەپ ئۇچۇپتۇ. بىرنەچچە ئاي ئۇچۇپتۇ، لېكىن پالۋاننى تاپالماپ-تۇ. ئاخىر ئۇلار ناھايىتى چوڭ بىر چۆلگە يېتىپ كەپتۇ.

پالۋان چوقۇم مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ، چۆلدىن ئۇزۇن بىر
ئۆستەڭ ئېلىپ سۇ باشلىساق، ئۇ چوقۇم بۇ يەردە ئادەم
بار ئىكەن دەپ بىزنى ئىزدەيدۇ، دەپ ئويلىشىپ، چۆلدىن
ئۆستەڭ ئېلىپ سۇ باشلاپ كەپتۇ. پالۋاننىڭ ئوغلى پە-
رىزاتنى سېغىنىپ، ياغاچ ئاتقا مىنىپ پەرىزاتنىڭ قېشىغا
بېرىپتۇ ۋە پەرىزاتنىڭ يېنىدا ياتقان ئىككى ئوغۇل بوۋاق-
نى كۆرۈپ كۆڭلى يايراپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ يەردە بىرنەچچە
كۈن تۇرغاندىن كېيىن خوشلىشىپتۇ. يىگىتلەر پالۋاننى
ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ بىر قانچە يىل ئىزدەپتۇ، لېكىن دې-
رىكىنى ئالالماي ئۆزلىرى ئۆستەڭ ئېلىپ سۇ باشلىغان
چۆلگە قايتىپ كەپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى پالۋاندىن ئاڭلىماق
كېرەك:

پالۋان ئىنسان بېشىغا كېلىپ باقمىغان قىيىنچى-
لىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، يول ئازابىدىن ھالىدىن كې-
تىشكە ئاز قالغاندا، كۆھقاپتىكى پەرىلەر بەرگەن ئالتۇن
قاپاقتىكى سۇنى ئىچىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر چۆل-
گە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئالدىدا بىر ئۆستەڭ تۇرغۇدەك،
پالۋان بۇنى كۆرۈپ، بۇ يەردە ئادەمزات بار ئىكەن، دەپتۇ
ۋە سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ، پۇتىنى سۇغا تىقىپ ئولتۇرغا-
نىكەن، سۇ توسۇلۇپ تۆۋەنگە ئاقالماي قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا
يىگىتلەر ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدا دەم ئېلىۋاتقانىكەن، ئۇلار
سۇنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باشقا چىقماقچى

بولۇپ، ئىككى يىگىت مىڭىپتۇ. پالۋاننىڭ ئوغلى ۋە تۆت يىگىت دەم ئېلىپ قاپتۇ. ئىككى يىگىت ئۆستەڭ بويلاپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ناھايىتى گەۋدىلىك بىر كىشى پۇتىنى ئۆستەڭگە تىقىپ ئولتۇرغۇدەك. يىگىتلەر بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەپتۇ.

— ھەي ھارامزادە، ئاتاڭنىڭ قەبرىسىدەك پۇتلى-رىڭنى ئۆستەڭگە تىقماي سۇنى ئاققىلى قويساڭچۇ! — دەپتۇ يىگىتلەر. پالۋان كۈلۈپ:

— كەچۈرۈڭلار، ئوغۇللىرىم! — دەپتۇ - دە، پۇتىنى تارتىپتۇ. يىگىتلەر قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. يەتتە يىگىت بىللە پالۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە پالۋاننىڭ ئىسمى - زاتىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— مانا بۇ ئالتۇن قاپاق كۇھىقاپتىكى پەرىزاتلارنىڭ ماڭا يوللۇق تۇتقان قاپىقى، — دەپتۇ پالۋان. پالۋاننىڭ ئوغلى شۇئان، بۇ كىشى دادام بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ-تۇ. تونىنىڭ ئوڭ كۆكسىدىكى مۆھۈرنى كۆرسىتىپتۇ. پالۋان ئۆزىنىڭ مۆھرىنى كۆرۈپ:

— بالام! — دەپ ئوغلىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. يىگىتمۇ:

— ئاتا! — دەپ ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇلار بىر - بى-رىنى باغرىغا بېسىشىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. پالۋاننىڭ ئاۋازى بىلەن يىگىتنىڭ ئاۋازى پۈتۈن كائىناتنى زىلزىلى-

گە ساپتۇ. پالۋاننىڭ خوتۇنىمۇ بىرنەچچە يىللىق يىراقلىق-
تا تۇرۇپ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ ۋە كىشىلەرگە ئېيتىپ بې-
رىپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جامائەت ناغرا - سۇنايلارنى
چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. پە-
رىزاتمۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىككى ئوغلىنى بىردىن ياغاچ
ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆزى بىر ئاتقا مىنىپ تاغدىن چۈشۈپ
كەلگۈدەك بولسا، يىگىت بىلەن پالۋان ھوشسىز ياتقۇدەك،
ئالتە يىگىت ئۇلارنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشكۈدەك.
پەرىزات ئوچۇمدا ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ پالۋانغا ۋە يە-
گىتكە چېچىپتۇ. پالۋان ۋە يىگىت كۆزىنى ئېچىپتۇ. با-
لىلار «بوۋا - بوۋا» دەپ پالۋانغا يامىشىپ تىزىغا ئولتۇ-
رۇشۇپتۇ. ئاتا - بالا بىر - بىرىگە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى
ئېيتىشىپتۇ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپتۇ، ئاندىن
ئۇلار يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پالۋاننىڭ ئىككى نەۋ-
رىسى بىر ياغاچ ئاتقا مىنىپتۇ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى
بىردىن ياغاچ ئاتقا مىنىشىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئۆچ-
قاندىن كېيىن پالۋاننىڭ ئالدىغا چىققان جامائەت بىلەن
كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار يول بويى بەزمە تۈزۈپ، ناخشا - ئۇس-
سۇل ئويناپ يۇرتقا قايتىشىپتۇ. پالۋان بىلەن بىرگە يولغا
چىققان ئالتە يىگىت ۋە شۇ يۇرتتىكى زېرەك، قاۋۇل ئوچ
يىگىت توققۇز پەرىزات بىلەن جۈپ بولۇشۇپتۇ. پەرىزات
پالۋان ئەكەلگەن ئالتۇن قاپاقتىكى سۈنى موماي بولۇپ
كەتكەن قېيىنانىسىغا بىرئاز ئىچۈرگەنىكەن، موماي پالۋان

كۇھقاپقا مېڭىش ئالدىدىكى ھالەتكە كەپتۇ. پالۋانمۇ بۇ سۇدىن ئىچىپ خوتۇنىدىن ئايرىلغان ۋاقتىدىكى قىياپەتكە كەپتۇ. پالۋان ۋە خوتۇنى خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ-تۇ، بىر - بىرىگە قانماي بىرنەچچە كېچە - كۈندۈز مۇڭ-دىشىپتۇ. بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى پالۋاننىڭ قايتىپ كەلگەن-لىكىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ۋە پالۋاننىڭ ئائىد-لىسىدىكى كىشىلەرنى چاقىرىپ پالۋاننىڭ شەرىپى ئۈچۈن قىرىق كېچە - كۈندۈز زىياپەت بېرىپ، بەيگىلەرنى ئۇ-يۇشتۇرۇپتۇ. زىياپەت ئاياغلاشقاندا پادىشاھ پالۋانغا شاھانە ئۆيلەرنى ياستىپ قويغانلىقىنى، شۇنىڭغا كېلىپ ئولتۇ-رۇشنى ئېيتىپتۇ. پالۋان بۇنى رەت قىپتۇ ۋە ئۆيىگە قاي-تىپ ئالتۇن قاپاقنى ئەكېلىپ ئۇنىڭ سۈيىگە قۇرۇق ئۇزۇملەرنى چىلاپ تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئۇزۇمنى يېگەن بوۋاي - مومايلار ياشلىق قىياپىتىگە قايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يۇرت بوران ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ، خەلقى تېخىمۇ خۇشال - خۇرام، باياشات ياشاشقا باشلاپتۇ.

75

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4NTMuemlw",
"filename_decoded": "40209853.zip",
"filesize": 15848050,
"md5": "017b52ce6047a6a6e90f225fd510634d",
"header_md5": "1229fb382ba8e9e24a56b31a65c96c8f",
"sha1": "81a5fc4ac4538a797ee65789df61f65cc35e3191",
"sha256": "2c466b7d154c01b849c2feb48aee03cf8bc1e281642975314e85363e8776cdce",
"crc32": 2303424441,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 15943238,
"pdg_dir_name": "\u255c\u2261\u2556\u00f3\u2514\u2554 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209853",
"pdg_main_pages_found": 75,
"pdg_main_pages_max": 75,
"total_pages": 81,
"total_pixels": 334400000,
"pdf_generation_missing_pages": false
}